ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى

# ئىسراپچىلىق ھەققىدە

# ھېكمەتلەر



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورېكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى

# ئىسراپچىلىق ھەققىدە ھېكمەتلەر

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچىلەر: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئايشەمگۈل ئايۇپ
جۈرئەت نىياز
بېلىقىز مۇھەممەت



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

关于挥霍浪费的格言:维吾尔文/阿迪力·穆罕默德主编. 一乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2008.8
(经典格言系列丛书)
ISBN 978—7—80744—289—9

Ⅰ.关... Ⅱ.阿... Ⅲ.格言一汇编一世界一维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.H033

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 122080 号

| | |
|---|---|
| 丛 书 名 | 经典格言系列丛书 |
| 本册书名 | 关于挥霍浪费的格言 |
| 策　　划 | 穆拉提·伊力 |
| 主　　编 | 阿迪力·穆罕默德 |
| 编　　者 | 艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯<br>阿依夏木古丽·阿尤甫<br>居来提·尼亚孜<br>贝丽克孜·穆罕默德 |
| 特约编辑 | 阿米娜·克奇克 |
| 责任编辑 | 艾尼瓦·库迪力克 |
| 责任校对 | 克尤木·吐尔逊 |
| 出　　版 | 新疆美术摄影出版社<br>新疆电子音像出版社 |
| 地　　址 | 830000 乌鲁木齐市西虹西路 36 号 |
| 发　　行 | 新疆新华书店 |
| 印　　刷 | 新疆新博文印刷有限责任公司 |
| 开　　本 | 880×1230mm 1/32 |
| 印　　张 | 3 印张 |
| 字　　数 | 51 千字 |
| 版　　次 | 2008 年 8 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2008 年 8 月第 1 次印刷 |
| 书　　号 | ISBN 978—7—80744—289—9 |
| 定　　价 | 9.90 元 |

(书中如有缺页,错页及倒装请与工厂联系)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تۈزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، قايسى بىر دانىشمەن «دۇنيا دانىشمەنلەرنىڭ ئىلكىدىدۇر» دېگەن ئىكەن. دەرۋەقە دۇنيا دانىشمەنلەرنىڭ ئەقىل - پاراسەت جەۋھەرلىرى بىلەن ئۆز مەنىدارلىقىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر مۇتەپەككۇرلارنىڭ كىشىلىك ھايات يەكۇنلىرى بولغان ھېكمەتلىك ئىبارىلەر زامان - زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىممىتى يوقىماس گۆھەردەك نۇر چېچىپ، خەلقىنىڭ مەنىۋىيىتىنى تويۇندۇرۇشىدىكى خورىماس بۇلاق بولۇپ كەلدى. ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ھېكمەتلىك ئىبارىلىرى پارچە - پارچە مەنبەلەردە ئېلان قىلىنغان ياكى قىسقىچە توپلام ھالەتتە نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما مەزمۇن بويىچە ئايرىم - ئايرىم توپلام قىلىنمىغان ئىدى. بۇ قېتىم بىز ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان ۋە تۈرلۈك ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنغان ھېكمەتلىك سۆزلەرنى توپلاپ، مەزمۇن بويىچە تۈرگە ئايرىپ «ھېكمەت دۇردانلىرى مەجمۇئەسى» دېگەن نام ئاستىدا 50 يۈرۈش كىتاب قىلىپ تۈزۈپ چىقتۇق. ئىشىنىمىزكى، بىزنىڭ بۇ كىچىككىنە ئەمگەكىمىز خەلقىمىزنىڭ تارىختا ئۆتكەن ھەرقايسى ئەل مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن تونۇشۇشىدا، شۇنداقلا ئۇنىڭدا ئېيتىلغان ھايات تەجرىبىلىرى ئارقىلىق ئۆز مەنىۋىيىتىدىكى بوشلۇقلارنى تولدۇرۇشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ.

نېمەتكە ئىگە بولغۇچى ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ، بۇنىڭغا شۇكۇرقىلسا، (نېمەت) يۈز ئۆرىمەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئاز ياخشىلىق ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ شۈكۈر قىل، (ئېرىشكەن) نېمىتىڭ كۆپ بولسا، ئۇنىڭ قەدرىنى بىل.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

شۈكۈر قىلساڭ، بىر نېمەت ئون بولىدۇ، بىرى ئون بولۇپ، ئۆيگە مال ـ دۇنيا تولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشىگە زىيانلىق تىلىمە، ئۆزۈڭمۇ زىيان سالما، پەقەت ياخشىلىق قىل، ھاۋايى ـ ھەۋەستىن (ئۆزۈڭنى) باس.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئاچ كۆز كىشىلەرگە ئىشىڭنى تاپشۇرما، ۋاپاسىز كىشىگە ئاش - نان بەرمىگىن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ۋۇجۇدىنىڭ ئارزۇسىغا بېرىلگەن ھاۋايى - ھەۋەسكە ئەسىر بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كۆزى ئاچ كىشى تويماس كېلىدۇ، كۆزى ئاچقا پۈتۈن دۇنيانىڭ ئېشىمۇ ئازلىق قىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئاچ كۆزلۈك شۇنداق بىر كېسەلكى، ئۇنىڭغا ھېچ داۋا يوق، ئۇنى بۇ دۇنيانىڭ قامانلىرىمۇ داۋالىيالمايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ھەرقانداق ئاچ (كىشى) يېسە - ئىچسە ئاخىر تويىدۇ، كۆزى ئاچ كىشى ئۆلگەندىلا ئاچلىقتىن قۇتۇلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كۆزى ئاچ كىشى مال ـ دۇنياغا (تويۇپ) باي بولمايدۇ، نۇرغۇن دۇنياغا ئىگە بولسىمۇ، ئاچ، كەمبەغەل ئۆتىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

ئاچ كۆزلەر پۈتۈن دۇنيا مېلىغا ئىگە بولسىمۇ تويمايدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

كۆزى توق كىشى پارا ئالمايدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

پارا —ئوڭۇشلۇق ئىشنى بۇزىدۇ، پىشقان ئىشنى خېمىغا ياندۇرىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

ئاچ كۆز ئادەم ئۆزىگە ھاكىم بولالمايدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ



كۆزى توق ئادەم كەمبەغەل بولسىمۇ، باي ھېسابلىنىدۇ. چىدامىلىق (قانائەتچان) كىشى ھەممە ئىشقا قادىر بولىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاچ كۆز ئادەم تەمەخور كېلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئاچ كۆزلۈك كىمنى كەمبەغەل قىلغان بولسا، بۇ دۇنيانىڭ بارلىق نېمىتى ئۇنى بېيىتالمايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىمنى تەمەخورلۇق قۇل قىلىۋالغان بولسا، ئۇنىڭدىن پەقەت ئۆلۈم بىلەنلا ئازاد بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كۆزى توق قانچىلىك قۇل بولغان ھالەتتىمۇ بەگدۇر، ئاچ كۆز ئادەمنىڭ بەگلىكىدىن قۇللۇق ياخشىدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كۆزى توق كىشى مال - دۇنياغا ھېرىسلىق قىلمايدۇ، كىشى مال - دۇنيا بىلەن (ئالدىماقچى) بولسا ئالدانمايدۇ. 4

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئادەم تەمەخور بولسا، (نەپسىگە) قۇل بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كۆزى ئاچ كىشى تاماقتا ئاچلىق قىلىدۇ، ئاشقا قول تەگكۈزۈپ، ئاشنى بۇلغايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

خىيانەتچى قەيەرگە قەدەم قويسا، پايدىلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى يىراققا قاچىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

خىيانەتچى كىشى قەيەرگە قول ئۇزارتسا، دېڭىز بولسىمۇ، سوغۇلىدۇ، يەرلەر قۇرۇيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئىنسان ئۆزى قۇرۇق قومغا ئوخشاشتۇر. دەريا كىرسىمۇ ئۇنىڭ ئاچ كۆزى تويمايدۇ.



يۈسۈپ خاس ھاجىپ

جان - تېنىڭگە قۇل بولما، ھەي بىلىمى ئۇلۇغ، جان - تەنگە قۇل بولساڭ، دىنىڭنى قۇربان قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ



جان ـ تېنىگە دائىم نېسىۋە بېرىۋېرىدىغان بولسا، ئۇ ئېنىق بىلىمسىز كىشى بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئىدراكسىز كىشىلەر شۇنداق كىشىلەركى، (ئۇلار) ھاۋايى ـ ھەۋەسكە باش قويىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

تەمەخورغا يېقىن يولىما، شۈبھىسىزكى، ئۇ ساڭا دۈشمەن بولىدۇ. ئەگەر ئۇ تەمەخور تەمە قىلغىنىغا ئېرىشسە، ئۇ سېنى ئاكام ۋە ئۇكام دەپ ئاتايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

تامامەن باي بولاي دېسەڭ، روشەنكى بارىغا قانائەتچان بول، (ئۆز) ئۇلۇشۇڭغا ئېگە بولىسەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

يېقىنلىقىنىڭ بارغانسېرى ئۈستۈن بولۇشىنى خالىساڭ، تەمەگەرلىكتىن خالىي بولۇپ ياشا.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

جىمى ياخشىلىققا يېتىشەي دېسەڭ، ۋۇجۇدۇڭنى قىسىپ تۇت، ھاۋايى ـ ھەۋەسنى باس.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

ۋۇجۇدۇڭنىڭ ئارزۇ ـ تىلەكلىرىنى قاندۇرما، (ۋۇجۇد) ئارزۇ ـ تىلىكىگە يەتسە، ئىگىسىنىڭ بېشىنى يەيدۇ. ئۇنىڭغا ياخـ. شىلىق قىلسا، ئۇ يامانلىق قىلىدۇ؛ ئۇنىڭغا يامانلىق قىلغاندىلا، ئىلاجسىز بويىنىنى ئېگىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

نەپسىنىڭ ئاداۋىتى يامان بولىدۇ، ئۆچەكىشىپ ئاداۋەت ساقلايـ. دۇ، (بۇ ئاداۋەت) ئۆلگەندىلا قالىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

كىشىنى قۇل قىلىدىغان ھەۋەستۇر.



يۇسۇپ خاس ھاجىپ

بۇگۈن ئارزۇ ـ ھەۋەسلەرنى تاشلىمىغۇچە، ئەتىكى ياخشىلىققا ئىگە بولۇش مۇمكىن ئەمەس.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

لەززەت قوغلاشما، لەززەتنىڭ ئازابى قاتتىق بولىدۇ، لەززەتلىنىش بەدىلىگە يېتىدىغان ئورنۇڭ چوڭقۇر پاتقاقلىقتۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ھاۋايى ـ ھەۋەس دۈشمەندۇر، (ئۇ) ئەگەر غالىب كەلسە، شۈبھىسىز، سېنىڭدىن كونا ئۆچىنى ئالىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ھاۋايى ـ ھەۋەس نەپسى تىرىلسە، قەلب ئۆلىدۇ، قەلب ئۆلسە، تائەت ـ ئىبادەت قېپقالىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

نەپسىڭنى خورلىساڭ، ئۆزۈڭ ئەزىز بولىسەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بۇ دۇنيا بىر دۈشمەن، نەپسىڭمۇ دۈشمەن، بۇ ئىككى دۈشمەننىڭ تۇزاقلىرى قۇرۇقلۇق (تورىدۇ).

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئاچ كۆز (كىشى) پۈتۈن دۇنياغا ئىگە بولسىمۇ، ئۇنىڭ باي

بولۇشى ناتايىن.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

قانچىلىك باي بولسىمۇ كۆزى ئاچ، كەمبەغەلدۇر.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

ئاچ كۆز كىشىگە باي بولۇشتىن پايدا يوق.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

ئاچ كۆز (كىشىگە) پۈتۈن دۇنيامۇ ئازلىق قىلىدۇ، بارىغا قا- نائەت قىلغۇچى بەخت (ئىچىدە) ياشايدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

قارا تۇپراق كۆز (چانىقىنى) تولدۇرمىغۇچە، ئاچ كۆز كىشىنىڭ مال ـ دۇنياغا كۆزى تويمايدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ



ئەقىل بىلەن غەيرەت قىلىپ، ھاۋايى ـ ھەۋەسنى باسقىن، ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلسە، كىشى بىكارچى بولۇپ كېتىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

سېنى تۈگەشتۈرگۈچى ۋۇجۇدۇڭنىڭ لەززىتىدۇر، ۋۇجۇدۇڭ-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

نىڭ قىلمىشى ساڭا بويسۇنماسلىقتۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ۋۇجۇدۇڭنىڭ تۈز بولۇشىنى خالىساڭ، ھەۋەسنىڭ بوينىنى كەس، ھاۋايى ـ ھەۋەس ئۆلسە، ۋۇجۇدۇڭنىڭ ئەگرىسى تۈزلىنىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ھاۋايى ـ ھەۋەسكە قۇل بولماسلىققا تىرىشقىن، ھاۋايى ـ ھەۋەس بىلەن نەپس ھەر ئىككىسىلا دىن ئوغرىسىدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ھاۋايى ـ ھەۋەسنى باس، ئەقىل ئىشلىتىپ نەپسىنىڭ بوينىنى سىق، ئەرلىك نىشانى، ئەقىل بەلگىسى ئەنە شۇدۇر. بۇ ئىككىسى بىلەن ئەر كۈچىنى يوقىتىدۇ، بۇنىڭغا كىم قۇل بولسا، ئازاب چېكىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ



ئاچ كۆزلۈك — نومۇس ئۆيىنى كۆيدۈرىدىغان ئوت، ئىززەتنىڭ خامىنىنى ئۇچۇرۇپ كېتىدىغان، تەمكىنلىكنىڭ شامىنى ئۆچۈرۈۋېتىدىغان شامالدۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

تەمەخورغا نەرسە بېرىش — شىرغا تائام بېرىشتۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

تەمەخور ۋە ئاچ كۆز كىشى ياخشى ھەم يامانلارنىڭ ئارىسىدا خار - زەلىلدۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

تەمەخوردىن كەرەم تىلىمە، گادايدىن دەرەم تىلىمە.

ئەلىشىر نەۋائى

تەمەخورلۇق خارلىققا ئېلىپ بارىدۇ. باي بولۇپ تەمەخور بولسا، ئۇ خار - زەلىلدۇر، قولغا كېلىدىغان بولسىمۇ، تەمەخور بولمىسا، ئۇ ھېچ ساخاۋەتتىن قېلىشمايدۇ، بۇ خىل سېخىيلىق ئۇلۇغلۇقتۇر، تەمەخورلۇق پەسلىكتۇر.

ئەلىشىر نەۋائى



تەمەخورلۇقنى خارلىقنىڭ بېشى، قانائەتنى شەرەپ ۋە ئۇلۇغلۇق دەپ بىلگىن.

ئەلىشىر نەۋائى

كىمكى بىر تاۋاق ئاش ئۇچۇن قۇل بولىدىكەن، ئۇنىڭ يۈزىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئېپىگى ئادرېسى

قازاننىڭ قارىسىنى سۈرتۈش كېرەك.

ئەلىشىر نەۋائى

ئەگەر سەن تەمەخور بولمىساڭ، بۇ شۇنداق ئۇلۇغ ئىش بولىدۇكى، پۈتۈن ئالەمدىكى كىشىلەر بىر تەرەپ بولسىمۇ، يالغۇز ئۆزۈڭ ئۇلارغا تەڭ كېلەلەيسەن.

ئەلىشىر نەۋائى

بېخىلنىڭ مال ساقلىماق يولىدىكى جاپاسى قاتتىق، ھەسەتخورنىڭ ئۆز خۇي ـ پەيلىدىن راھىتىمۇ ئاچچىق، ئالدىنقىسى ئۆز جاپاسى بىلەن خار، كېيىنكىسى ئۆز قىلىقى بىلەن زار.

ئەلىشىر نەۋائى

ئىنساننىڭ مەرتىۋە ھەم ئۇلۇغلۇقنى سۆيۈشى ئۇنىڭ تەبىئىتىدۇر. مەنسەپنىڭ خاسىيىتى غەپلەتنى ئارتتۇرىدۇ، مەنسەپدارنىڭ ھوشيار بولۇشى بەكمۇ قىيىن. ئۇ بەزىدە ئەقىل كۈچى بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋالسىمۇ، بىراق مەنسەپ مەستلىكى ئۇنى ئۆز ھالىغا قويمايدۇ. ھەقىقەتەن شۇ مەستلىك چېغىدا تەقدىرنىڭ ئىنتىقام ئالىدىغانلىقى، رەھىمسىزلىكى ۋە تەقدىر يارانقۇچىسىنىڭ ئادالەتلىك ھاكىم ئىكەنلىكى ئۇنىڭ ئېسىگە كەلمەيدۇ... دېمەك، نەپسى پاك، ئەقلى ساپ كىشى بۇ مەستلىكلەردىن ئۆزىنى بىھوش قىلـ

ماسلىقى، ئۆزىنى چوڭچى ۋە بىلەرمەن كۆرسەتمەسلىكى، زۇلۇم كۆرگەن دەردمەنلەرنىڭ ھالىغا يېتىشى كېرەك.

ئەلشىر نەۋائى

ئۇلجا ـ غەنىيمەتلەرنىلا قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن جەڭ قىلـغۇچىلار غەلىبە قىلالمايدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

باشقىلارنىڭ ساۋا قىلغان خەير ـ ئېھسانلىرىغا كۆنۈۋېلىپ، تەمەخورلۇق قىلما. ئۆز جېنىڭغا ئۆزۈڭ تىغ سېلىپ، ئۆزۈڭنى ھالاك قىلمىغىن .

ئەلشىر نەۋائى

كىشىلەردىن ھەقسىز ئېلىپ، كىشىلەرگە ھەقسىز بېرىدىغانلار يەنە كەمبەغەلچىلىك ۋە خارلىقتا ياشايدۇ.

ئەلشىر نەۋائى



بېخىل ئادەمنىڭ بۇگۈن تاپقان مال ـ دۇنياسى زەھەرگە ئوخشىشىدۇ. ئۆلگەندىن كېيىنمۇ قەبرىسى تىرىك ۋاقتىدىكى تۇرمۇشىدەك قاپقاراڭغۇ بولىدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

بېخىلنىڭ ئامانەتنى ياخشى ساقلىشى ئەجەبلىنەرلىك بولسا، ئالىي ھىممەتلىك كىشىنىڭ ئامانەتكە خىيانەت قىلىشىمۇ ئەجەبلىنەرلىكتۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

ئەقىللىق كىشىلەر شۇنداق قارايدۇكى، بېخىللىق بىلەن ئىسراپچىلىق ئوخشاشلا ناچار سۈپەتتۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

بېخىل كىشى قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ پېشۋاسى بولغان بىلەلەمۇ جەننەتكە كىرەلمەيدۇ. ھەبەش قۇل بولسىمۇ سېخىي بولسا، شۇ پەزىلىتى بىلەن دوزاخقا كىرمەيدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

دۈشمەن بىلەن دوست تەڭ پايدىلانغان مال - مۈلۈك — ماھىيەتتە زەھەرلىك ئىچىملىكتۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

بېخىل ئۆزىنىڭ ئاچ كۆزلۈكى بىلەن ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى يۇتۇپ كەتسە، كىشىلەر ئالىدىغان چاغدا ئەلۋەتتە بېخىلنىڭ كۆك-

سىنى يېرىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

بېخىل كىشى ناھايىتى باي بولسىمۇ، يەنىلا بېخىللىق ئازا-
بىدا قىينىلىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

باشقىلارنىڭ بىرەر ماددىي نەرسە ئىنئام قىلىشىغا تەمەخور-
لۇق كۆزى بىلەن تەلمۈرۈپ، تائامىلىرىغا شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىش
نومۇسسىز ئاچ كۆزلەرنىڭ ئىشى بولۇپ، ئۇ تۆت پۇتلۇق ھايۋانغا
خاس تەبىئەتتۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

تىنچ كۆڭۈل بىلەن بەدەنگە ھەزىم بولغان ئۇماچ، قىيىنچى-
لىق ۋە تەكەللۇپ بىلەن يېگەن ھالۋىدىن ياخشىراق.

ئەلىشىر نەۋائى



كونا چاپان بىلەن دەخلىسىز ۋە ئىگىسىز تۇپراقتا بەھۇزۇر
ئولتۇرۇش زەرباپ تون كىيىپ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئېگىلىپ
تۇرغاندىن ياخشىراق.

ئەلىشىر نەۋائى

www.uyghurkitap.com

خارلىق ۋە يوقسۇللۇق بورىسىدا خاتىرجەم ئولتۇرۇش شاھانە ئۆي، ئىسىل كۆرپىدە ئولتۇرۇپ ئەلەم چەككەندىن ياخشىراق.

ئەلىشىر نەۋائىي

ئەجىر ـ مېھنەت بىلەن تاپقان بىر پۇل باشقىلارنىڭ ھەقسىز بەرگەن خەزىنىسىدىن ياخشىراقتۇر.

ئەلىشىر نەۋائىي

تەمەخور كىشى ئۆمرىنى زايە قىلىپ، مالاللىق ۋە ئاۋارىگەرـ چىلىكنى ئۆزىگە ھەم باشقىلارغا تاڭىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىي

مەخلۇقنىڭ خىزمىتىگە قوللارچە بەل باغلىغان كىشىنىڭ بېلى ئوشتۇلۇپ كەتكىنى ياخشىراق. ئەگەر ئۇ خۇشامەت قىلىشنى باشلايدىكەن، دېمى تۇتۇلۇپ، تىلى كېسىلىپ كەتسۇن.

ئەلىشىر نەۋائىي

تەمەخورلۇقنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىغىلى يەر بەرمىگىن، ھاۋاـ يى ـ ھەۋەسنىڭ خامىنىنى شامالغا سورۇۋەت.

ئەلىشىر نەۋائىي

تىيىنىنىڭ تۇكى ئۆز جىنىغا ئاپەت بولسا، شاتۇتىنىڭ قانات-لىرى ئۆز بېشىغا بالا بولىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

دۇنيا پەرەسلەرنىڭ، ئاچ كۆزلۈك ۋە تەكەببۇر بايلارنىڭ زەرباپ تون - لىباسلىرى ئەمەلىيەتتە، نىجاسەت ئۇستىدىكى پار-قىراپ تۇرغان چىۋىنگە ئوخشىشىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

ئىچى يامانلىق ئادەمنى كېسەل قىلىدىغان يامان ئادەت، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇش جانغا ھۇزۇر ۋە راھەت.

ئەلىشىر نەۋائى

مەنمەنلىك ۋە بىلەرمەنلىك ھېچ كىشى ياخشى كۆرمەيدىغان يارىماس قىلىقتۇر.

ئەلىشىر نەۋائى



جاھالەت، نادانلىق مەيلى ئائىلە ياكى جەمئىيەت ئۈچۈن بول-سۇن ئەڭ ئېغىر ئىللەت ۋە پاجىئەلىك كۈلپەتتۇر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئەسەبىيلىك قىلغۇچى ئۆزىنىڭ قارشى تەرەپ قەلبىدىكى ئىھتىراملىق ئورنىغا ئوت قويۇپ، ئۆز جېنىنى ئۆز غەزىپىدە ئۆلتۈرىدۇ. ھاقارەتلىگۈچى ئۆز ئوبرازىغا قاتىللىق قىلىدۇ، ھاقارەتلەنگۈچى ئۆز ھاياتىنىڭ پاجىئەلىرىدىن ھەسرەت چېكىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

يىراق ئەجدادلىرىنى بىلمەسلىك، نەسەب ـ فامىلە تارىخىنى بىلمەسلىك، كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن نۇرانە بولمىغان جاھالەت جۈملىسىدىن ھېسابلىنىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

نادانلىقنىڭ مەرىپەتكە زىتلىقى ھەممىگە ئايان. نادانلىقنىڭ ئىككى خىل تارىخىي شەكلى مەۋجۇت: بۇنىڭ بىرى، مەرىپەت (ـ سىۋىلىزاتسىيە) تىن ئىلگىرىكى نادانلىق (ۋارۋارلىق)، ئىپتىدائىي ئىنسان گۇرۇھىدىكى نادانلىق ۋە قەبىلىچاق نادانلىق. بۇنىڭ ئىككىنچىسى، بىكىنمە ھالەتتىكى جەمئىيەت چەمبىرىكىدىكى نادانلىق، ساختا شۆھرەت بىلەن كىيىندۈرۈلگەن نادانلىق، ھەسەتخورلۇق ۋەسۋەسىسى بىلەن تولغان نادانلىق.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۈ-

رۇشنىڭ مۇقەددىمىسى» دىن

نادانلىق ئاسارىتىدىكى كىشىلەردە ھەقىقىي يىراقنى كۆرەر كىشىلەرنى رەشك ـ ھەسەت ئوقلىرى بىلەن جاراھەتلەندۈرۈپ، مىللەتنىڭ بىرلىك ـ ھەمدەملىك كۈچىنى پارچىلايدىغان «قەھ۔رىمان» لار پات ـ پاتلا مۇنبەرگە چىقىپ قالىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت» تىن

ھاماقەتلىكنىڭ تۈرلىرى كۆپ. تەنتەكلىك — ھاماقەت روھنىڭ ھېس ـ ئىدراك، پىكىر ـ ھەرىكەت، جۈملىدىن سۆز ـ ئەنزار (باھا) دىكى يەڭگىلتەك كۆرۈنۈشى بولۇپ، ئوخشىمىغان سەلبىي ھالەتلەردە ئوخشىمىغان خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ. قارى۔سىغا سۆزلەش، باشقىلارنىڭ ئىغۋالىرى، قەسەملىرىگە ئالدىنىپ جىنايەت يولىغا مېڭىش، تەلۋە ـ ئەسەبىيلىككە يۈزلىنىش، قاپقانغا چۈشۈپ قېلىشلار ئۇنىڭ ئالامىتى. قەھرىمانلىق بىلەن قۇربان بولغانلاردىن كۆرە تەنتەكلىك بىلەن دەپنە قىلىنغانلار كۆپ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت» تىن

ھازىرقى بايلىقنى ئېچىش، كۆپ قىرلىق قۇرۇلۇش، ئىختى۔ساسلىشىش، بېيىش، ئەقىل ئىقتىدارىنى ئېچىش رىقابەت ھارارد۔

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تىگە كۆتۈرۈلگەن زاماندا ھۇرۇنلۇق، بىكار تەلەپلىك ئۆز - ئۆزىنى خارلاشتىن، تېز ئېقىمدىن چەتتە قېلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىكار تەلەپلىك ئۆزگە، ئائىلىگە ۋە مىللەتكە ھالاكەت تەلەپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇشتۇر. راھەت كۆرۈنۈشىدىكى بۇ ئاپەت — نادانلىق، گادايلىق ۋە خارلىقنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىيدۇ. بىكار تەلەپلىك ۋە ھۇرۇنلۇق ئەقىل مەشئىلى ئۆچكەن ۋە قايتا يانمىغان زېمىندىكى سېسىشقا باشلىغان تۇرغۇن سۇ! بىكار تەلەپلىك ۋە ھۇرۇنلۇقتىن لاپ ئېتىشتىن باشقا ئېپتىخار گۈلى — مەردلىك ۋە قەھرىمانلىق مەيدانغا چىقمايدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت» تىن

نادانلىق خامۇشلۇقى بىلەن پارلىلىق ئارىلىقىنىڭ ئىنسانىي مۇھەببەت چۈشەنچىلىرىمۇ تامامەن ئەكسىچە.

ھاماقەتلىك —ئەخمەقلىقتۇر. ئۇ پۈتكۈل مەنىۋى جاھالەت نىڭ ساقلىنىشى، بازار تېپىشى ئۈچۈن سانسىزلىغان قۇلاقلار پەيدا قىلىدۇ. بەزىدە ئادالەت مەيداندا تۇرۇپ قەبىھلىككە نەپرەت بىلدۈرىمەن دەپ، پىتنە - ئىغۋانى ئاڭلاپلا سۈرۈشتۈرۈپ كۆرمەي ئاساسسىز قايناپ كېتىدۇ. ھاماقەتلىك — جاھالەت دېڭىزلىرى ئۈچىدىغان يەڭگىل ھاۋا بوشلۇقى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئۈمىد ۋە تەۋەككۈل» دىن

ھۆكۈمالاردىن بىرى سورىدى: «ئەيىبلەرنىڭ ئەڭ يامىنى نې-مىدۇر؟» ھۆكۈما: «بېخىللىق» دەپ جاۋاب بەردى. سوئال سورىغۇچى يەنە سورىدى: «بۇ ئەيىبنى نېمە ياپالايدۇ؟» ھۆكۈما: «پەقەت سې-خىيلىقلا ياپالايدۇ. بۇنىڭدىن ئۆزگە نەرسە ھەرقانچە چىرايلىق بولسىمۇ، بېخىللىقنى ياپالمايدۇ» دېدى، شۇڭا كىشى مالنى بې-خىللىق بەدىنىدىن بوشاتمىسا، ھەرگىزمۇ ئۇلۇغلۇق ۋە سائادەت-مەنلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلەلمەيدۇ.

موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

يىغىشنى بىلىپ، بېرىشنى بىلمىگەنلەر نەپرەت بىلەن قار-غىشقا قالىدۇ.

ئەھمەد يۈكنەكى

بېخىللىق شۇنداق نەرسىدۇركى، ئۇ بەزى كىشىلەرنىڭ تەبى-ئىتى ھەم ۋۇجۇدىغا تاش نەقىش ئويغاندەك ئورناپ كەتكەن، ئۇنى ئويۇپ چىقىرىۋېتىش تاش ياسىغۇچى ئۇستىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەنمۇ مۇمكىن بولمايدۇ. بېخىلنىڭ كۆز چانىقى گۆرنىڭ تۇپى-سىدىن باشقا نەرسە بىلەن تولمايدۇ.

ئېمىر ھۈسەيىن سەبۇرى

www.uyghurkitap.com

ساڭا يامانلىق قىلغان كىشىگە سەن ياخشىلىق قىل. ياخشى بىلگىنكى، بۇ كەڭ قورساقلىقنىڭ ئۈستۈن پەللىسىدۇر.

ئەھمەد يۈكنەكى

بېخىللىق داۋالاپ ساقايتقىلى بولمايدىغان كېسەل. بېرىشكە كەلگەندە، بېخىلنىڭ قولى ئىنتايىن چىڭ كېلىدۇ. بېخىل ئاچ كۆز بولغانلىقتىن، يىغىش بىلەن نەپسى تويمايدۇ، ئۇ مال ـ دۇن-يانىڭ قۇلى، مال ـ دۇنيا ئۇنىڭغا ھۆكۈمراندۇر.

ئەھمەد يۈكنەكى

بېخىل كىشى ئۆز ھاياتىدا خۇشاللىقنىڭ يۈزىنى كۆرەلمەيدۇ. خۇشاللىق روھى ئازادە، مەرد ئادەملەرگە مەنسۇپتۇر. چۈنكى جاھان-نىڭ مۈلكى خەزىنىسى بۇلارنىڭ ئالدىدا زەررىچە كۆزگە كۆرۈن-مەيدۇ، مال ـ مۈلۈك ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بىر تامچە سۇغا ئوخشايدۇ.

ئېمىر ھۈسەيىن سەبۇرى

تەمەخور بولما، تەمە ئارىسىغا ئەجەل يوشۇرۇنغاندۇر.

ئەھمەد يۈكنەكى

كىمكى ھەسەتخور بولسا، ئۇنىڭدا قانائەت بولمايدۇ، كىمكى

تەمەخور بولسا، راھەت كۆرمەيدۇ.
مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

ئاچ كۆزلۈك ئىنساندىكى ئەڭ قەبىھ خىسلەتتۇر، ئاچكۆز-لۈكنىڭ ئاقىۋىتى كىشىگە غەم، ئۆكۈنچ، ھەسرەت كەلتۈرىدۇ.
ئەھمەد يۈكنەكى

قانائەتچان ئادەمنىڭ كۆزىگە قان تولسىمۇ، يەنىلا ئىززىتى بار، تەمەخور ئادەم ئالتۇن تەخت ئۈستىدە راھەتلىنىپ ئولتۇرسىمۇ، خارلىق ئۇنىڭغا ھەمراھدۇر.
ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرى

بەتنىيەت بىلەن بىللە ئۇرۇق چاچساڭ، ھوسۇلدىن قۇرۇق قالىسەن.
مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى
پاكلىق كىچىدە يېقىلغان چىراغقا ئوخشايدۇ، چىراغ بار ئۆيگە ئوغرى كىرەلمەيدۇ.
مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى



پاكلىق، تەقۋادارلىقى بار ئادەم ئالماس شەمشىرى بار ئادەمدۇر.
مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

مال - دۇنيانى گۈزەل كىلىندەك قوغلىشىش ئارزۇسى بىلەن

www.uyghurkitap.com

بەختلىك بولۇپ، ئاچ كۆزلۈك ھەۋىسىنىڭ تۇزىقىغا باغلىنىپ قېلىش ئاقىلانىلىق ئەمەس.

ئېمىر ھۈسەيىن سەبۇرى

نەپسىنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمەكلىك ھايۋانىنىڭ قىلىقى، نەپسىنى تىزگىنلىمەكلىك مەردانىنىڭ قىلىقى.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

نەپسى ھاۋاغا مەپتۇن بولماق دانا ۋە ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس.

ئېمىر ھۈسەيىن خاراباتى

كور كىشى دەريادا بىكار قولۋاق تاپالمىغاندەك، ھارامخور كىشى ھاياتتا روناق تاپالمايدۇ.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

نەپسىنىڭ ئازدۇرۇشى كۆڭۈلنى قاراڭغۇلاشتۇرىدۇ.

ئېمىر ھۈسەيىن سەبۇرى

مۇزدەك سۇ قورساققا خۇشياقماس، قۇرۇق قوشۇق ئېغىزغا خۇشياقماس، قۇرۇق گەپ قۇلاققا خۇش ياقماس.

مەھمۇد قەشقەرى

چوڭ شەھەرلەردىكى نۇرغۇن كىشىلەرنى ھەقىقىي تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ دېگەندىن كۆرە، پەقەت مەۋجۇت بولۇپلا تۇرۇۋاتىدۇ دېگەن تۈزۈك. ئۇلار — بىنورمال ئىنتىلىشنىڭ قولى. چۈنكى ئۇلارنىڭ مەنئۇيىتىدىكى نەپسانىيەتچىلىك تەدرىجىي ئەدەپ ئاخىرى ئۇلارنىڭ كاللىسى ۋە روھىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئالۋاستىغا ئايلىنىدۇ. ئۇنداق ئادەملەر زادى قانائەت قىلمايدۇ؛ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ياسانچۇقلۇق ۋە سۆلەتۋازلىق قىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇلار ئائىلە ئەھۋالىنىڭ بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ياكى بېرەلمەيدىغانلىقى بىلەن قىلچە ھېسابلاشماي ئۆيلىرىنى ھەشەمەتلىك زىننەتلەيدۇ؛ ناھايىتى قىممەت باھالىق زىبۇزىننەت تاقايدۇ. ئۇلار ئەتىگەندىن كەچكىچە ئاشۇنداق ھەشەمەتچىلىككىلا كاللا قاتۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن بارا - بارا ھېرىپ ھالىدىن كېتىدۇ - يۇ، لېكىن تۇرمۇشتا خۇشاللىق ۋە خاتىرجەملىككە ئېرىشەلمەي ئۆتىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئېغىر بەدەل تۆلەپ ئىنتىلگەن نەرسىلىرى ھەقىقىي ئىنتىلىش قىممىتى بار نەرسىلەر بولمىغاچقا، جەبىر - جاپاسى ئۇلارغا قىلچىمۇ شادلىق ۋە بەخت ئاتا قىلالمايدۇ.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

ھاماقەتلەرچە شۆھرەتپەرەسلىك ۋە مەنمەنلىك، ئادەمنى چامى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر تارقىتىش ئادرېسى

يەتمەيدىغان مودىلارنى قوغلىشىشقا ئىلىپ بارىدۇ. جەمئىيەتتى-مىزدە زادى قانچىلىك ئادەم ئاشۇ شۆھرەتپەرەسلىكنىڭ ۋەسۋەسى-سىدە، ئاخىرى گۆرگە كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز قەرزنى يۈدۈپ كىرىپ كېتىۋاتقاندۇ ـ ھە!

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

ئادەمنىڭ كىشىلىك ھاياتىكى نىشانى ئۇنىڭ تۇرمۇش ھالىتىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇ ئادەمنىڭ ھەربىر ئىشىدا روشەن ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ يەنە ئادەمنىڭ ئىستىپداتىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ناۋادا پايدا ـ مەنپەئەتكىلا بېرىلىپ كەتسەڭ، پۇتكۈل كۈچ ـ قۇدرى-تىڭ پەقەت پۇل تېپىش نىشانىغىلا قارىتىلىپ قالىدۇ ـ دە، بۇنىڭ بىلەن ئىقتىدارىڭ، چېچەن ـ سەزگۈرلۈكۈڭ ۋە يۇكسەك ھېس ـ تۇيغۇلىرىڭ پۇل تېپىش نىشانى تۈپەيلىدىن بۇرمىلىنىدۇ. ھەتتا كۆڭلۈڭنىڭ كۆزىمۇ پۇل ـ مەنپەئەتكە تىكىلىدۇ. نەتىجىدە دوستى-لۇق، مۇھەببەت ۋە دوستانە مۇناسىۋەت دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىبغىر دەز كېتىدۇ. ناۋادا ۋۇجۇدۇڭدىكى دوستلۇق بىلەن مۇھەببەت ئۆز قىممىتىنى يوقىتىپ قويسا، سەندە ياۋۇز ئالۋاستىلارچە خىسلەتتىن باشقا يەنە نېمە قالىدۇ؟

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

ئاچ كۆزلۈك ئادەمنى مەنپەئەت ۋەسۋەسىسىدە سەۋدايى قىلىۋېتىپلا قالماي، بەلكى يەنە ئادەمنىڭ ۋىجدانىنى خاراب قىلىپ، زەئىپ ۋە چاكىنىلىققا باشلايدۇ. نەپسانىيەتچىلىك ئادەمنى قېرىنداشلىرى ۋە دوستلىرىنىڭ ۋاپاسىغا جاپا قىلىدىغان ۋىجدانسىزغا، قېرىنداشلىق مېھرى، دوستلۇق مېھرى دېگەنلەرنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغان زەھەرخەندىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. مەسىلەن، شۇ ۋەجىدىن ئاكا ـ ئۇكا قېرىنداشلار مىراس تالىشىپ ئاق تاغلىق ـ قارا تاغلىق بولۇشىدۇ؛ ئىلگىرى قول تۇتۇشۇپ ئىگىلىك ياراتقان ھەمكارلار پاي ھوقۇقىنى تالىشىپ، توگىمەس دەۋا ـ دەستۇرلارغا چۈشۈپ كېتىدۇ ...قىسقىسى، ئىلگىرىكى پاك بىر ئادەم پەزىلەتسىز ناپاككا ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا «ئاچ كۆزلۈك» — كىشىلىك ھاياتتىكى «ئەڭ ئېغىر پەسكەشلىك». چۈنكى ئاچ كۆز ئادەم رەزىللىك قىلىشتىن ھېيىقمايدۇ.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن



دۇنيادىكى ئەڭ ئېغىر بەختسىزلىك — بىر ئادەمنىڭ نەپسانىيەتچىلىككە پۈتۈنلەي رام بولۇپ قېلىشىدۇر. ئۇنداق ئادەم بىر خىل نادۇرۇس ئاچ كۆزلۈكنىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن پۇلغا ئەسەبىيلەرچە ئۆزىنى ئاتىدۇ. بۇ خىل ئاچ كۆزلۈك ئاخىرى ئۇنىڭ ئەقلىنى بەربات قىلىپ، ئىلگىرىكى ساپلىقى ۋە شادلىقلىرىنى پۈتۈنلەي

يوققا چىقىرىدۇ.

لورد چېستېرفىلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

ئاچ كۆزلۈك قىلىش ياكى قىلماسلىق، بىر ئادەمنىڭ مەلۇم ھەق - ناھەق مەسىلىسىگە توغرا ھۆكۈم قىلىش ياكى قىلالماسلىقىغا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ پەزىلىتى ۋە ساپاسىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

لورد چېستېرفىلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

ماددىي مەنپەئەتكە ھەددىدىن زىيادە بېرىلىشنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق. شۇڭا ئادەم نەپسانىيەتچىلىككە ئەمەس، بەلكى ئىنسانىي قەدىر - قىممەت جەھەتتىكى كامالەتكە ئىنتىلىشى لازىم. چۈنكى نەپسانىيەتچىلىك ئادەمدە شەخسىيەتچىلىك، زەھەرخەندىلىك، پىخسىقلىق، ئالدامچىلىق ۋە قارا يۈزلۈك قاتارلىق ناچار خىسلەتنى بىخلاندۇرىدۇ.

شۇڭا بىر ئادەم پۇل، ئورۇن ۋە مەرتىۋىگە جان - جەھلى بىلەن بېرىلگەن چېغىدا، بارلىق پاراستى ۋە ئىستىبداتىنى مەنپەئەتپەرەسلىكتىن ئىبارەت چاكىنا ۋە ناتوغرا غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقىلا ئاتايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىكى غايەت زور يوشۇرۇن كۈچنىڭ بىر قىسمى شۇ پېتى كۆمۈلۈپ قېلىپ، ھاياتلىق يولى ماڭغان-

سېرى تارىيىپ كېتىدۇ. شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، ئەڭ مۇكەم-مەل ئادەملا كىشىلىك ھاياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقالايدۇ.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

كىشىلىك ھاياتتىكى تەبىئىي بايلىقنىڭ ئىسراپ قىلىنى-شى، ئۇ تراگېدىيە ئەمەس. ئەڭ ئېچىنىشلىق تراگېدىيە — ئادەم كۈچى بايلىقىنىڭ ئىسراپ قىلىنىشىدۇر. ئادەتتىكى ئادەملەر كۆپىنچە ھاللاردا ھاياتلىقنىڭ ئاشكارىلانمىغان سىمفونىيىلىرىنى مەھشەرگە بىرگە ئېلىپ كېتىدۇ. ئەڭ ئېچىنىشلىق يېرى شۇكى، ئۇ سىمفونىيىلەر — كىشىلىك ھايات كۈيلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئېسىللىرىدۇر.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

مال ـ دۇنيا زىيانغا ئۇچرىسا ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرغىلى بو-لىدىغانلىقىنى ھەممە بىلىدۇ. لېكىن قولدىن كەتكەن زېھنىي قۇۋۋەتنى قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. يەنە كېلىپ زېھنىي قۇۋۋەت ئىسراپچىلىقى ئادەمنى ئۇنىڭدىن يۇز ھەسسە، مىڭ ھەسسە ئارتۇق زىيان ـ زەخمەتكە دۇچار قىلىدۇ.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەممە ئادەمدە شەخسىيەتچىلىك بولىدۇ. بۇ چۈشىنىشكە بولىدىغان نورمال ئىش. بىراق، ھەددىدىن زىيادە شەخسىيەتچىلىك ئاخىرى ئادەمنى نومۇسسىز، نەپسانىيەتچى قىلىۋېتىدۇ. شەخسىيەتچى ئادەم ئۆزىنىلا ئويلاپ باشقىلار بىلەن كارى بولمايدۇ. ئۆزىنىڭ تىرىقچىلىك مەنپەئەتى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ زور مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇرىدۇ؛ ھەتتا ئۇنىڭ پەرۋەردىگارىنىمۇ ئۆزىنىڭ قىلىۋالغۇسى كېلىدۇ. بۇنداق نەپسى بالا ئادەم ئەبەدىي تويمايدۇ. «ئادەمنىڭ ئاچ كۆزلۈكى تۇتسا، يىلاننىڭ پىلنى يۇتقۇسى كەلگەندەك ھەممىنى يالماپ يۇتقۇسى كېلىدۇ» دېگەن گەپ دەل ئۇچىغا چىققان نەپسانىيەتچى ئادەملەرگە قارىتا ئېيتىلغان. بۇنداق ئادەملەرنىڭ ھەددىدىن زىيادە ئاچ كۆزلۈكى ئاخىرى شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنىمۇ ھالاك قىلىدۇ. شۇڭا نەپسانىيەتچىلىك، كىشىلىك ھاياتنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىدۇر.

لورد چېستېرفىلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

نەپسانىيەتچى ئادەمنىڭ ئىچى تار بولغاچقا، ئۇ كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدۇ. قانداق بولۇپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ گەرچە كۆڭلىگە ئالىيجاناب غايىلەرنى پۈككەن بولسىمۇ، لېكىن قولىغا كېلىپ بولغان ياكى كۆز تىككەن تىرىقچىلىك مەنپەئەتتىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيدۇ؛ «قۇشقاچ بولسىمۇ

گۆش» دەپ قاراپ، تىرناقچىلىك مەنپەئەتكىمۇ كۆز قىزارتىپ ئۇ-نىڭغا ئېرىشمەي قويمايدۇ. ئوچۇقتىن - ئوچۇق نەپسانىيەتچىلىك قىلىش، ئادەمنى خاتا يۆنىلىشكە يېتەكلەيدۇ. چۈنكى ئاچ كۆزلۈك ئۇنداق ئادەمنىڭ قان - قېنىغا سىڭىپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، نەپسى بالالىق ۋەسۋەسىسى ئۇنى بىر دەممۇ ئارامىدا قويمايدۇ.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

نەپسانىيەتچى ئادەم ئەزەلدىنلا بۇ دۇنيانىڭ ئىگىسى بولۇپ باقمىغان. چۈنكى ئۇنداق ئادەملەرنىڭ كىشىلىك ھايات لۇغىتىدىن «بەخت»، «شادلىق» دېگەنلەرنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ؛ ئۇلار بىر ئا-دەمنىڭ باشقىلارغا ئاتا قىلغان بەخت ۋە شادلىقى قانچە كۆپ بولسا ئۆزىمۇ شۇنىڭغا تۇشلۇق بەخت ۋە شادلىققا نائىل بولالايدۇ، دېگەن قائىدىنى تېخىمۇ ئۇقمايدۇ. چۈنكى ناۋادا سەن باشقىلارغا ياخشىلىق قىلساڭ، باشقىلارمۇ ساڭا ياخشىلىق قايتۇرىدۇ. قىسقىسى، مېھ-ھىر - شەپقەتلىك ئادەم ھامان بەخت ۋە شادلىق ئىچىدە ياشايدۇ.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن



ئاچ كۆز، نەپسانىيەتچى ئادەملەردىن ئېھتىيات قىلىڭ. ئۇلار باشقىلارنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ تويماس نەپسىنى قاندۇرىدۇ.

«ھاياتىڭىزغا تەسىر كۆرسىتىدىغان پەلسەپىۋى مەسىلىلەر» دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئاچقا ئۆلگەننىڭ قەبرىسى يوق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئايالنىڭ كىيىمى پۈتمەس،

ھارۋىنىڭ جابدۇقى (پۈتمەس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئاچ كۆزلۈك ئەقىلدىن ئازدۇرار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئالغۇچە ھەشقالىلا،

بەرگۈچە ئەستاغپۇرۇللا.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئالغۇچە ياپىر،

بەرگۈچە كاپىر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئالغۇچە ئارسلان،

بەرگۈچە چاشقان.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئاچ كۆزلۈك — بالايىئاپەتنىڭ يىلتىزى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئالغاندا پاتمانلاپ،

بەرگەندە مىسقاللاپ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئاش كەلسە ئىمان قېچىپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئاچ كۆز تويغىنىنى بىلمەس،
بېخىل بېيىغىنىنى (بىلمەس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئادەم دېگەن ناشۈكۈر،
توققا چىققۇچە ئۇشۇقۇر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئاچ بېلىق يەمچۈكنى قارمىقى بىلەن يۇتار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئاچ كۆز ئەجىلىدىن بۇرۇن ئۆلەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئاچ كۆزنىڭ كۆزى تۆت، بۇرنى سەككىز.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئاقساق يول تالىشار،
پىخسىق پۇل (تالىشار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئاخۇنۇم گۆش ئالماس،
گۆش ئالسا بوش (ئالماس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئاغزىم تەگدى ئېشىمغا،
تەنەڭ تەگدى بېشىمغا.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئارغامچا پۇلى تۇرۇپ، كۇلا پۇلىنى تۇتۇپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئاچ كۆز ئاغزىم كۆيىدۇ دېمىسە، دوزاخنى يۇتار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئادەم قىچقارسا بارمايمەن،
ئاش قىچقارسا قالمايمەن.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئاچ كۆز ئىشاندىن قورقار،
بېخىل مېھماندىن (قورقار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئالغۇچە ئالمان، بەرگۈچە بەزگەك.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئاچ كۆز چىشى بىلەن ئۆزىگە گۆر كولار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئاچ كۆز ئاچ قورساقنىڭ ھالىغا يەتمەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئاچ كۆزگە ھارام يوق، خامانغا ئارام.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئابدالنىڭ پەنجى تويماس،
ئاچ كۆزنىڭ نەپسى (تويماس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئاچ ئىتقا ئاش بەرسەڭ، توق ئىتقا خىرقىرار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئاچ كۆز دۇنياغا تويماس،
ئابدال نانغا (تويماس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئاچ كۆز دۇنياغا تويماس،
ئۇششۇق دەۋاغا (تويماس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئالغۇچە سۆزىنى كۆرۈڭ،
بەرگۈچە كۆزىنى (كۆرۈڭ).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئاغىچا خېنىم زەللىسىگە ئىشىنەر،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قازى ئاخۇنۇم سەللىسىگە (ئىشىنەر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

ئازغا شۈكۈر قىلساڭ، كۆپى كېلەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

ئەجەل يەتمىسە جان چىقماس،
بېخىل بايدىن نان (چىقماس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

بار دېسەڭ بارچىغا يېتەر،
يوق دېسەڭ قانچىگە (يېتەر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

بەرمەسنىڭ ئېشى پىشماس،
تەمەخورنىڭ ئىچى پۇشماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

بەرمىگەنگە بېرىپ ئۇيالدۇر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

بېخىلنىڭ ئېشىدىن سېخىينىڭ مۇشتى ياخشى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

بېخىلنىڭ تۆمۈنىسى[1] تۆگە.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

[1] تۆمۈنە - چوڭ يىڭنە.

بېخىلنىڭ ئۆيىدە نان پادىشاھ، ئاش ئەۋلىيا.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بېخىلغا ھاجىتىڭ چۈشسە يوق دەيدۇ،

سېخىيغا ھاجىتىڭ چۈشسە خوپ (دەيدۇ).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بېخىلنىڭ بېغى كۆكەرمەس،

سېخىينىڭ بېغىغا قىش كەلمەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بېخىل قېرىسا بىر تىيىنىنىڭ تۆشۈكىدىن قىرىق قېتىم ئۆتەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بېخىلغا قولى بىلەن يانچۇقىنىڭ ئارىلىقى قىرىق يىللىق يول.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بېخىلغا نان دېسە، جان دەپ ئاڭلىنار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن



بېخىل پىتىنىڭ ئۇچىيىگە ھېسسپ قۇيار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بېخىلنى سېخىي ئوڭلار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بېخىل جېنىدىن كېچەر،

مېلىدىن كەچمەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بېخىلنىڭ ئۆلۈكىنى ئىت يېمەس،

تىرىكىنى پىت (يېمەس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بېخىلنىڭ ئېشىنى ئالماق—

كۆزىنىڭ يېشىنى ئالماق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بېخىل كېپەن تاپسا ئۆلۈۋالار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بېخىل تاشتىن ماي چىقىرار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بېخىلنىڭ شامى ئاقسا،

كۆزىنىڭ يېشى ئاقار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بېخىل ئالغىنىنى ئۇنتار،

سېخىي بەرگىنىنى (ئۇنتار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بېخىل تاپسا بېسىپ يەر،
سېخىي تاپسا ئېچىپ (يەر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

بېخىلنى جەننەتكە تەكلىپ قىلسا، قوتۇر ئۆچكىسىنى يېتىلەپ كىرەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

بېخىلنىڭ بىر چىنە شورپىسى قىرىق يىل ئېغىز كۆيدۇرەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

بېخىل سىقىمنىڭ ئىچىنى ئايايدۇ، تېشىنى يالايدۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

بېخىل پۇلغا ئامراق،
كېپىنەك گۇلگە (ئامراق).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

بېخىل سالامدىن قاچار،
پىخسىق مېھماندىن (قاچار).



«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

بېخىل سودىگەر ئىنسىنى ساتار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

بېخىل بايدىن پۇل ئالماق،

پېتىر ناندىن قىل ئالماق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بېخىلنىڭ ئېتى ئۇلۇغ، سۇپرىسى قۇرۇق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بېخىل سېخىينى كۆرەلمەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بېخىلنىڭ داڭقى چىقماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بېخىل بايدىن سېخىي گاداي ياخشى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بېخىلنىڭ پوقىغا بىگىز ئۆتمەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بۇخارادىن ۋەلى كەلسە، قىرىق يىل بۇرۇن گېلى كېلەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بىرى پۇل يىغسا، بىرى خالتا تىكەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بۆرىنىڭ قېرىسىمۇ قوي يەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بىزنىڭكىگە بارغاندا يەپلا،

سىلەرنىڭكىگە بارغاندا گەپلا.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بۆرەك بەرسە ئابدۇل ئاخۇن،
بۆرەك بەرمىسە ئابدۇل تۇڭگان.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بۆرە تاپسا ئورتاق يەر،
قاغا تاپسا دەرەخ ئۇچىدا (يەر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بۆرىنىڭ ئورتاق، قاغىنىڭ دەرەخ بېشىدا.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

پارىخور تەمەگە ئامراق،
ساراڭ ساماغا (ئامراق).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئېشىدىن شەيتان قىزغىنىپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

پېخسىقنىڭ ئۆيى — جەھەننەم.



«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

پۇلنىڭ كۆزى يوق،
بېخىلنىڭ يۈزى (يوق).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگانە ئادرېسى

پاقا كۆلچەككە باقار.
تەمەخور چۆنتەككە (باقار)

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

توقۇمىنى ئوغرىلىغان تۆگىنىمۇ ئوغرىلار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

توخۇمىنىڭ چۈشىگە تېرىق كىرەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

توي دېسە ئورۇق كاللا يۇگۇرۇپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

تەمەخور ھەجىگە بارسا، ھېجىرىنى ئېلىپ بارار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

تاغقا چىقسام كەلمىسەم،
ئېلىنغۇالسام بەرمىسەم.
(ئېلىنغۇالسام بەرمىسەم،
چەرچەنگە كەتسەم كەلمەسەم.)

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

تەمەخورنىڭ بوغدىيىكى غورت ـ غورت.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

تەمەخورنىڭ تاغىرى قۇرۇق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

تەمەنىڭ قوڭى كامار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

تېرىمىغان كېۋەزنى باپكار تالىشىپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

تويماس كۆزنى گۆرنىڭ توپىسى تويدۇرار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

تۇتۇننى بۇلۇت كۆرمەس،
يۇندىسىنى ئىت (كۆرمەس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

تۈڭلۈكىدىن شامال كىرمەس،
ئىشىكىدىن ئادەم (كىرمەس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

تولا يېگەن بۆرىنىڭ كۆتى قۇۋاق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

جاغدا قوغۇن جېنىڭمىدى،
بىشەكشىرىن ئېرىڭمىدى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

جاندىرىڭغا مەن تويمىدىم،
قۇرۇق پەتىگە سەن تويمىدىڭ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

خەسىسنىڭ تۇخلۇكىدىن يەل كىرمەس،
ئىشىكىدىن ئەل (كىرمەس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

دېڭىزنى تولدۇرغىلى بولماس،
ئاچ كۆزنى تويغۇزغىلى (بولماس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

راھمان بەرسە شەيتان قىزغىنىپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

زېڭىدا زاڭ كۆرمىگەن،
چۆشىدە نان (كۆرمىگەن).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

سوپى سوپۇن تاپماس،
سوپۇن تاپسا يىلتىزىنى قويماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

سۇ بەرمىگەنگە سۈت بەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

سېخىي نان دېگۈزمەس،
بېخىل نان يېگۈزمەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

سېخىي جەننەتتەك بولار،
بېخىل دوزاختەك (بولار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

سېخىي ئالتە چاپان كىيسە، بېخىل كالتە چاپان كىيەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

سېخىي قاچىلاپ يەر،
بېخىل غاجىلاپ (يەر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

سېخىينى تۆرگە باشلا،
بېخىلنى گۆرگە (باشلا).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

سېخىي سېخىيلىق قىلسا، بېخىلنىڭ كۆڭلى تاراقلار.



«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

سېمىز كالا ئورۇق كالىنىڭ كۆتىنى يالار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

سېخىي خۇداغا يېقىن،

www.uyghurkitap.com

بېخىل گۇناھقا (يېقىن).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

سېنىڭ نەپسىڭ بالادۇر،

ئاخىر ئۇتقا سالادۇر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

سېخىينىڭ بەرگۈسى كەلسە، بېخىلنىڭ جېنى چىقار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

شۈكۈر قىلساڭ ماڭا، يەنە بېرەرمەن ساڭا،

شۈكۈر قىلمىساڭ ماڭا، نېمەمنى بېرەرمەن ساڭا.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

غېرىبنىڭ ھالىغا غېرىب يېتەر،

بېخىل قارىماي كېتەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

قازى پۇلغا ئامراق،

ئىت گادايغا ( ئامراق ).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

قارنىم ئۈچۈن يىغلىمايمەن،

قەدرىم ئۈچۈن يىغلايمەن.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

قارنى ياماندىن ئاش ئاشماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

قاننىڭ قەدرىنى سالجا بىلەر،
پۇلنىڭ قەدرىنى ھاجى ( بىلەر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

قانائەتسىزنىڭ ئاغزىدا ئاش، كۆزىدە ياش.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

قالىمەن دېگۈچە، ئالىمەن دە!

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

قاۋىغان ئىتنىڭ ئاغزى سۆڭەك بىلەن بېسقار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

قالماق ئېتى بوغۇز يېمەس، بوغۇز يېسە توۋرا تېشەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

قەلەندەرنى جەننەتكە كىردېسە، ئېشىكىنى يېتىلەپ كىرەر.



«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

قورساقنى تويدۇرار بىر نان ئۇۋىقى،
ئاچ كۆزنى تويدۇرالماس ئالەم نېمىتى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

قوشقاچ بېرىپ، غاز سوراپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

قىزغانچۇقنىڭ ئېشى پىشماس،

ئېشى پىشسىمۇ ئوچاق بېشىدىن چۈشمەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

قىزغانچۇقنىڭ قازىنى قاينىماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

قىزغانچۇقنىڭ ئېشى قورساق ئاغرىتار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

قىزغانچۇقنى بېخىل دېمە،

ئېشەك سويغاننى قاسساپ (دېمە).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

قىزغانچۇقنىڭ ھالۋىسىدىن قولى ئوچۇقنىڭ ئۇمىچى تاتلىق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن



كۆزى كىچىكنىڭ يولى كىچىك.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

كۆڭۈلنى كەڭ تۇتساڭ بارچىغا يېتەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كىشىنىڭ توخۇسى كىشىنىڭ كۆزىگە غاز كۆرۈنەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كىشىگە بەرسەم ئىسسىق ئېشىم،
ئۆزۈم يېسەم سېسىق ئېشىم.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

مال بەرمەك — جان بەرمەك.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

مەردنى مەيداندا كۆر،
سېخىينى جەننەتتە (كۆر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

مەرد يىقىتار، ئۆلتۈرمەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

موزدۇزنىڭ كۆزى ياماقتا،
ئاچ كۆزنىڭ كۆزى تاماقتا.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن



موللام پۇلنى دوست تۇتماس،
قولىغا كىرگەننى بوش (تۇتماس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

موللىنىڭ دەسمايىسى جەننەت بىلەن دوزاخ،

www.uyghurkitap.com

ئۇۋچىنىڭ دەسمايىسى قىلتاق بىلەن تۇزاق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

موللا ئىلىشنى بىلەر، بېرىشنى بىلمەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

موللا بىكار، سىيا مۇت،
يول ماڭمىدۇ بىكار پۇت.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

موللىنىڭ قارنى بەشتۇر،
بىرى ھەمىشە بوشتۇر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

مۇشۇكنىڭ قېشىدا گۆش تۇرماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

نەپسىنى قوغلىغان ئۇلتاڭ بولۇر،
نەپسىنى قوغلىمىغان سۇلتان (بولۇر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ھاراق بېخىلنى مەرد قىلار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ھالۋىدا تۇز بولماس،
بېخىلدا يۈز (بولماس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ھەر كىم ھەر نېمە دەيدۇ،
مەن دېگەننى دېيەلمەس.
ئۆتكەمدە بېرىمەن دەپ،
غەلۋىردىمۇ بېرەلمەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ھەسەلنىڭ قىلىنى ئايرىيدۇ،
ھۆپۈپنى يۇڭدىماي يەيدۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئوغرى مال كويىدا،
قوشنام گال (كويىدا).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۆيدە ئۇگرە پىشۇرمىغان تويدا پولۇ پىشۇرار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۆلگەندىن ئۆپكە سوراپتۇ،
ئەسكى تامدىن قوقاق (سوراپتۇ).



«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۆزى تويسىمۇ، كۆزى تويماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۆزى كەلسە كەلسۇن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بۆز خالتىسى كەلمىسۇن.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

ۋالاقتەگكۇر گەپ بەرمەس،

بېخىل نەپ (بەرمەس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

ئېلىشتا هاي - هاي،

بېرىشتە ۋاي - ۋاي.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

ئىتنىڭ كۆڭلى سۆڭەكتە.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

يەپ تويمىغان يالاپ تويماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

يوق دېسەڭ ئاتتىن چۈشۈپ ئىچەي.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

يېڭى ئۆزۈڭنىڭ قولى توڭلىماس،

قولى ئۆزۈڭنىڭ كۆزى تويماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

ھەرقانداق نەرسىدە ئىسراپچىلىق بار، ئەمما ياخشىلىق قى-

لىشتا بولمايدۇ.

«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

تېجەمكار ئادەم ياخشى يەيدۇ، ياخشى ئىچىدۇ، پاكىز كىيىنى- دۇ، خۇش ھاۋالىق ئۆيلەردە ئولتۇرىدۇ، كېرەكسىز نەرسىلەرنى سېتىپ ئالمايدۇ، ھەقىقىي زۆرۈر نەرسىلەرنى سېتىۋالىدۇ. كىشىلەرگە قولىدىن كەلگىنىچە ياردەم قىلىدۇ. ياخشىلىق يولى- دىكى ئىشلارغا قولىدىن كەلگىنىچە ياردەم قىلىدۇ. ياخشىلىق يو- لىدىكى ئىشلارغا پۇل - مېلىنى ئايىمايدۇ، ساخاۋەتلىك بولىدۇ. ۋەتىنى ۋە خەلقى ئۈچۈن مېلىنى ھەم، پۇلىنى ھەم ئايىمايدۇ.

خەيالىددىن ئەل - ھەسەنىي

تېجەمكار كىشى پۇلنى كېرىكىدىن ئارتۇقچە سەرپلىمەيدۇ. ئون سومغا كېلىدىغان نەرسىنى ھولۇقمىلىق قىلىپ يۈز سوم خەجلىمەيدۇ. پۇلنى پەقەت كېرەكلىك يەرلەرگىلا ئىشلىتىدۇ. ھەربىر ئىشتا ئوتتۇرىچە يول تۇتىدۇ.

ئالمە تۇل بەنات

ئىسراپچىلىق ئەقىلگە زىت ئىشتۇر. ئىسراپ دېگەندە، كېرەكسىز نەرسىلەرگە بىھۇدە پۇل سەرپلەش، بەتخەجلىك

چۈشىنىلىدۇ. ئىسراپخورلۇقنىڭ ئاقىۋىتى ھالاكەت بىلەن تۈگەيدۇ. ئىسراپچى ئادەم ھەرقانداق باي بولسىمۇ ئاقىۋەتتە بەرىبىر كەمبە-غەلگە ئايلىنىدۇ. چۈنكى، ئىسراپچىنىڭ سەرپ ئىشىكى ھامان ئۇ-چۇق بولۇپ، تېجەش دېگەننى بىلمەيدۇ. ئوچۇق ئىشىكتىن ھەر-قانداق نەرسە كىرەلىگەنگە ئوخشاش كەمبەغەللىكمۇ كىرەلەيدۇ.

خەيالىددىن ئەل ـ ھەسەنىي

ئويلاپ ھازىرلانغان ئاز نەرسە ئىسراپ بولىدىغان كۆپ نەر-سىدىن ئەۋزەل.

مۇھەممەد زىھنىي

چىرىغىنى كۈندۈزى ياندۇرغان ئادەمنىڭ تۈنى قاراڭغۇ بولىدۇ.

پۇلنى بىھۇدە سەرپلىگەن ئادەم ئېغىر كۈنلەردە خارلىقتا قالىدۇ.

«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن



بىراۋنىڭ دىلىنى خۇش قىلىش كامىل كىشىلەرنىڭ ئى-شى، دىلىنى ئاغرىتىش بولسا جاھىل كىشىلەرنىڭ ئىشىدۇر. دىل ئاغرىتقۇچى كىشى ۋاقتى ـ سائىتى كېلىپ ھەسرەت قىينىنى ئى-

چىشى مۇقەررەردۇر. بېيىت:

قاچانغىچە ھەي نادان، بىراۋنى يىغلىتارسەن،
سېنىڭ ھەم دىل كۆزگۈڭنى سىندۇرغۇچى تېپلار

مۇھەممەد جەھەر زەمىندار

ھېكايەت بىر كىشى بىر ئۇلۇغ كىشىنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن: «ھەي پازىل كىشى، ئادەم دۇنيادا قانداق ياشىمىقى ۋە قانداق يول تۇتمىقى كېرەك؟» دەپ سورىدى. ئۇ كىشى شۇنداق جاۋاب بەردى: «شاد ياشا، دائىم خورسەنچىلىك پەيدا بول، ھەممىلا نەرسىگە قايغۇرۇۋەرمە، ياخشىلىق ئۇرۇقىنى تېرىپ، ئامانلىق ھوسۇلىنى يىغىشقا ئىنتىل. دۇنيا شۇنداقكى، ئۇنىڭدا خەتەرلىك يوللار كۆپتۇر. بەزەن بۇ يوللار ئۈستىگە شاخ ـ غازاڭلار تاشلاپ قويۇلغان ئورەككە ئوخشايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ يولدىن يۈرگەن چاغدا ئاۋۋال ياخشىلاپ ئويلىنىش، مۇدۇرۇلۇپ يىقىلىپ كەتمەسلىك چارىسىنى قىلىش كېرەك. دۇنيا شۇنداق بىر ئېكىنزاركى، ئېكىلگەن نەرسىلەرنى لۈتپۈ كەرەم سۈيى بىلەن سۇغار. ئۇنىڭدىن تاپقان ئابرۇي ـ ئېتىبار ھۇسۇلىنى ھېرىس ۋە تەمە ھۇجۇمىدىن ئاسرا!» شېئىر:

دۇنياغا باق، ئىچى تولا — ئاجايىپ،
كۆز ئېچىپ يۇمغۇنچە بولىدۇ غايىپ!

مۇھەممەد جەبەلرۇدي

ئوتتىن تۆشكى، يىلاندىن ياستۇقى بولغان ئادەم قانداقمۇ ئۇخلىيالىغاي!؟

غەم ـ غۇسسە قېرىشنى تېزلەشتۈرىدۇ.

قولدىن كەتكەن نەرسىگە قايغۇرۇش نادانلىقتۇر.

قولدىن كەتكەن نەرسىگە قايغۇرما، چۈنكى ئۆلۈك گۆردىن تىرىلىپ كەلمەيدۇ.

ئارزۇسى كۆپنىڭ غېمىمۇ كۆپ.

غەملىك كۈنلەردە ئوغۇل ئەسقاتۇر.

«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

كىشىدىكى ئەقىل شۇندا بىر يوشۇرۇن بايلىقكى، ئۇنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ ۋە ئادەمنىڭ چىرايىغا قاراپ ئۇنىڭ ئەقىل دائىرىسىنى سېزىش مۇمكىن ئەمەس. ئەقىل شۇنداق بىر كۆرگۈ-دۈركى، ئەگەر ئۇ نەپسى بۇزۇقلۇق، ھەسەت ھەمدە بېخىللىق چاڭ-لىرى بىلەن بۇلغانمىسا، ھەممە نەرسىنى كۆزىتەلەيدۇ.

«فەۋاكىھۇل جۇلەسا» دىن

ئىنسان گەۋدىسىدىكى ئەقىل بىر دەرەختكە ئوخشايدۇ. دەرەخ

كۆپكۆك ۋە مېۋىلىك بولسا ئۇنىڭدىن سەمەرە كۈتسە بولىدۇ. ئۇ سولىشىشقا ۋە كېسەللىككە يۈزلەنگەن بولسا، ئۇنى ئوتۇن قىلىپ ياقماقتىن ئۆزگە چارە يوق. بېيىت:

راستلىقۇ دوستلۇقنى كۈتسە بولىدۇ،
ئاقىل كىشىلەردىن، فەرزانىلەردىن.[1]
ئەخمەقلىق ئېرۇركى ياخشىلىق كۈتمەك،
ئەقلى يوق، بەدنەما، دىۋانىلەردىن.

مۇئىنىددىن جۇۋەينى

ئېيتىشلىرىچە، ھەرقاندا نەرسە ئەقىلگە موھتاج، ئەقىل بولسا تەجرىبىگە موھتاجدۇر. ئەقىل بىلەن تەجرىبىنىڭ مۇناسىۋىتى سۇ بىلەن يەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ. سۇ بىلەن يەر بىرلەشمىسە يەردە بىرەر نەرسىنىڭ ئۈنۈشى ئېھتىمالدىن يىراق.

«فەۋاكىھۇل جۇلەسا» دىن

ئەڭ ئەقىللىق كىشى شۇنداق كىشىكى، ئۇ ئۆز نەپسىگە ھەـ كىملىق قىلالايدۇ. تىرىكلىكىدە ئۇ شۇنداق بىر ئىش قىلىدۇكى، بۇ قىلغان ئىش ئۇ ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئۇنى تىرىكلەر قاتارىدا ئېلىپ يۈرىدۇ. ئەڭ ئەخمەق ئادەم شۇنداق ئادەمكى، نەپسى قاياققا باشلىسا، ئۇ شۇ ياققا كېتىۋېرىدۇ ۋە ئۆلگىنىمدىن كېيىن كىشىلەر مېنى

[1] فەرزانە ـ ئەقىللىق، دانىشمەن، دانا ۋە كۆپ نەرسىدىن خەۋەردار كىشى.

www.uyghurkitap.com

كەچۈرىدۇ، دەپ ئويلايدۇ.

«مەخزەنۇل ئۇلۇم» دىن

بۇزورگمېھردىن: «دۇنيادا ئىنسان ئۇچۇن ئىزلىسە تېپىلمايدىغان نەرسە نېمە؟» دەپ سورىدى. ئۇ: «ئەقىل»، دەپ جاۋاب بەردى. يەنە سورىدى: «ئەقىلنىڭ قەدرى نېمە؟». ئۇ ئېيتتى: «ئىنساندا ئەقىل بولمىسا ئادەملەر ئۇنى قەدىرلىمەيدۇ!» بېيىت:

بىلىم دەرياسىنىڭ گۆھىرى ئەقىل،
ئاز بولسا ھەم ئۇنىڭدىن يېتەر كۆپ پايدا!

مۇئىنىددىن جۇۋەينى

لۇقمان ھەكىم ئېيتىدۇ:

—كىشىنىڭ ئەقلى شەرەپ ۋە ئۇلۇغلۇق نىگىزىدۇر. كىمنىڭ ئەقلى كۆپ بولسا ئەيىبلىرى يوشۇرۇن ۋە دوستلىرى ئۇنىڭدىن رازى بولىدۇ.

«فەۋاكىھۇل جۇلەسا» دىن

كۇندىن ـ كۇنگە سائادەتلىك بولاي دېسەڭ، قانچىلىك دانا بولۇشىڭدىن قەتئىينەزەر، ئۆزۈڭنى يەنىلا نادان دەپ تەسەۋۋۇر قىل! شۇ چاغدا كۆپرەك ئوقۇپ، تېخىمۇ دانا بولۇرسەن. ئىلمنى ئۆز جا-

يىدا ئىشلەت.

«مەخزەنۇل ئۇلۇم» دىن

بەزى ھەكىملەرنىڭ پىكرىچە، ئادەمنىڭ ئەقىللىق ئىكەنلىد. كىنىڭ بەلگىسى ئۇنىڭ ھەممەيلەن بىلەن مۇرەسسەلىشىشنى بىد. لىشىدە، كىشىلەر بىلەن ئورتاق تىل تېپىشالىشىـــدا ۋە ئـۇلارنى توغرىلىقسىېرى باشلىيالىشىدادۇر. ماقالدا: «خەلق بىلەن تىل تې. پىشالمىغان كىشى — ئەقىل نېمىتىدىن مەھرۇم كىشى» دېيىد. لىدۇ. خەلق بىلەن مۇرەسسە ـ مادارالىشىش دېگەندە شۇنداق نەر. سىنى چۈشىنىش كېرەككى، ئۇنىڭدا يالغانچىلىق بولمايدۇ، ھېچ. كىمنى ئالدىمايدۇ، تىلى بىلەن دىلى بىر ـ بىرىگە ئۇيغۇن بولىدۇ، چوڭ ـ كىچىك بىلەن بىردەك مۇئامىلە قىلىدۇ، ھەممە كىشىنى ياخشى ئىشلارسىېرى ئۈندەيدۇ، ھېچكىمگە زىيىنى تەگمەيدۇ.

«فەۋاكىھۇل جۇلەسا» دىن



ئۆتكەن ئىشقا قايغۇرۇپ، ئورۇنسىز پىغان چەكمەك ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە ئازار بەرمەك ئەقىللىق كىشىلەر ئادىتىدىن ئەمەس. ئەقىل. لىق كىشى بارچە ئىغىر ئىشلار ئالدىدا تەمتىرىمەيدۇ، ئۆزىنى چىڭ تۇتىدۇ، چىدام ۋە ئىرادە شاراپىتى بىلەن غەلىبىگە ئېرىشىدۇ.

ئەبۇلبەرەكات قادىرىي

www.uyghurkitap.com

ئەقىللىق كىشى بىرەر ئىشقا كىرىشىشتىن ئىلگىرى، گەرچە ئۇ شۇ ئىشنىڭ ئۇستىسى بولسىمۇ، باشقىلار بىلەن كې-ڭىشىدۇ. چۈنكى، ئۆز ئەقلىگە بىنا قويغان كىشى ئادىشىدۇ، ئۆز تەدبىرىگە ئىشەنگەن كىشى تۆۋەنلىكسىرى كېتىدۇ.

ئەيىبىنى ئېتىراپ قىلىش ئەقىللىق كىشىنىڭ ئىشى.

«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

ئەقىل لىباسىدىن بىبەھرە ئادەم ھايۋانغا ئوخشاش، بېيىت:

نادان خاتا قىلسا راۋادۇر ئاڭا،
چۈنكى ئۇ ھەقىقىي يولنى بىلمەيدۇ.
ھايۋاندىن مىڭ مەرتە يامانراق كىمكى—
يولنى بىلىپ تۇرۇپ ئاڭا ئەمەل قىلمايدۇ!

مۇئىنىددىن جۇۋەينى

ئەقىللىق كىشى شۇنداق كىشىكى، پاكىزلىق ۋە ساداقەت ئېقىنىنىڭ سۈيى بىلەن ئەگرىلىك - قىڭغىرلىق يانغىنىنى ئۆ-چۈرىدۇ. چۈنكى، خاتا يول تۇتقۇچى ۋە ئەگرى ئويلىغۇچى كىشىلەر چوڭ - كىچىكنىڭ ئېتىبارىدىن ۋە ياش - قېرىنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ ئابرۇيىنىڭ ئاغزى دىللاردىكى

مۇھەببەت نېمىتىنىڭ لەززىتىدىن بىبەھرە، لەۋلىرى بولسا مەق-
سەت ۋە ھايات شادلىقىنىڭ زىلال سۇلىرىغا تەشنا بولىدۇ. فەرد:

ئەگىرى ئۇچۇن دۆلەتسىرى يول يوقتۇر،
ئەگىرى ئوق ھەم بىرىپ تەگمەس نىشانغا.

بەرخۇردار ئىبن مەھمۇد

ئادەملەرگە ھۆرمەت كۆزى بىلەن باقماق ۋە رەھىم نەزىرى بىلەن قارىماق ئەقىللىق ۋە دانالىق بەلگىسىدۇر. بېيىت:

ياخشى نەزەر بىلەن قارا ھەركىمگە،
كىيىمى چىرايلىق ياكى سەت دېمە!

مۇئىنىددىن جۇۋەينى

ئەقىللىق ئادەم شۇنداق ئادەمكى، قىيىن ۋەزىيەتتىن ئاسانلا قۇتۇلۇپ كېتىدۇ. دانا شۇنداق كىشىكى، قىيىن ھالەتكە ئەسلا چۈشمەيدۇ. ھەربىر خەلقنىڭ ئەقلى ئۆز زامانىسىغە يارىشا بولىدۇ. ئەقىللىق كىشى قەدرۇ كامال، نادان كىشى دۆلەتۇ مال ئىزلەيدۇ.



«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

—ھەي ئەزىزىم، بىلگىنكى مۇسىبەت كۈنلىرىدە كۆڭلى غەمگە تولمىغان، خام خىيال ۋە تېتىقسىز رىجەلەر تۈزۈپ ئۆز

ئىشنى بەربات قىلمىغان كىشى ئەقىللىق كىشى سانىلىدۇ. ئەقىلدىن ئىبارەت ئۇستازدىنمۇ مېھرىبانراق ۋە كىشىنى ھەممە جەھەتتىن قوللاپ قۇۋۋەتلەيدىغان ياردەمچى يوقتۇر. ئەقىل كىشىگە ئېغىر كۈنلەردە چارە ـ تەدبىر تېپىۋېلىش ئۈچۈن ئىنئام ئېتىلگەن. شېئىر:

ئەقىل نېمە؟ ئۇدۇر ياردەمچى، دىلدار،
ئەقىلىڭ بولسا سېنىڭ بارچە نەرسەڭ بار.

ئەبۇلبەرەكات قادىرىي

ئەقىللىق ئادەم يەتتە خىل كىشى بىلەن ئۆزئارا كېڭەشمەيدۇ. ئۇلار نادان، دۈشمەن، ھەسەتخور، يالغانچى، قورقۇنچاق، بېخىل، نەپسىگە بېرىلگەن كىشىلەردۇر. چۈنكى، نادان يولدىن ئاداشتۇرىدۇ:

ھەر كىشى ئۆز ئەقلىدىن ئاگاھ بولۇر،
ئۆزىدىن گۇمراھلىقى گۇمراھ بولۇر!

دۈشمەن بولسا ساڭا زىيان سېلىشنى ئويلايدۇ:

ھەر كىشى ئۆز دۈشمىنىن كۈچسىز سانار،
بىر كۈنى ئېغىر زىيانىدىن يانار!

ھەسەتخور بولسا سېنىڭ بار ۋەسلىڭدىن، ئەقىل ـ ھوشىڭدىن ئايرىلىشىڭنى ئىستەيدۇ.

كىم ھەسەت قىلسا بىراۋنىڭ مالىغا،
ئاخىرى بولغاي ئۇنىڭ «ۋاي» ھالىغا!
يالغانچى بولسا پىكرىڭنى بۇزۇپ كۆرسىتىدۇ.
كىمكى يالغان سۆزلىسە رىزقى كېتەر،
بىر كۈنى يالغان سۆزى باشقا يېتەر!
قورقۇنچاق بولسا سېنى دادىللىقتىن قايتۇرار:
قورقۇنچاقتىن كىشىگە مەسلىھەت چىقماس،
گەر مەسلىھەت چىقسىمۇ، يولدىن قايتۇرار!
بېخىل بولسا بايلىق توپلاشقا ھېرىسمەن بولىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن
بىر كىمگە پايدا يەتمەيدۇ:
مال ـ بايلىقنىڭ ئەسلىدە دۈشمەن ئېرۇر،
زاھىرەن باقساڭ شۇنچە روشەن بولۇر!
نەپسىگە بېرىلگەن كىشى ھاۋايى ـ ھەۋەسنىڭ تۇتقۇنى بولۇپ،
ئۇنىڭ نەپس تورىدىن قۇتۇلۇشقا كۈچى يەتمەيدۇ:
مېھنىتىڭ بىرلە نەپسكە بەر جازا،
قىلمىسۇن سېنى بالاغا مۇپتىلا!

مۇھەممەد زېھنىي

ئەقىل ۋە پاراسەت شۇنداق گۆھەركى، ئۇنىڭ مەدتى بىلەن

كىشىلەرنىڭ سۆزى ۋە ئىش - ھەرىكىتىگە قاراپ، ئۇلارنىڭ ئەقىل دائىرىسىنى، كەسپىنى، ياخشى خىسلەتلىك ياكى قەبىھ ئىللەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولۇر.

مۇھەممەد جەبەلرۇدىي

كۆپلىگەن كىشىلەر ئەقىل ياردىمى بىلەن پەسلىكتىن يۇ-قىرىلىقا كۆتۈرۈلىدۇ، نى - نى قەدىرلىك ئادەملەر نادانلىقا يول قويۇپ، پەسلىكىسپرى دومىلايدۇ. بېيىت:

ھەي ئوغلان، بۇ سۆزۈم سىنالغان بىشەك،
بېشىدا ئەقلى يوق مىسالى ئېشەك!

«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

خەلىپە مەنسۇر ئۆز ئوغلىغا دېدى:

—ھەي ئوغلۇم، مېنىڭدىن ئىككى نەرسىنى ئەگەر، بۇ نەر-سىلەر ھاياتىڭغا كېرەك بولۇر، بىرىنچى شۇكى، نېمىلىكى ئىش قىلساڭ، ئاۋۋال ئويدان ئويلا، كېيىن ھۆكۈم چىقار. ئىككىنچىسى شۇكى، بىرەر ئىش قىلماق بولساڭ، ئالدى بىلەن ئۇنى يولغا سېلىشنىڭ ياكى قۇۋۋىتىنى قايتۇرۇشنىڭ چارە - تەدبىرىنى كۆرۈپ قوي.

بىر ھەكىمنىڭ ئېيتىشىچە، ياخشى خۇلقنىڭ ئون بەلگىسى

بار. ئۇلار تۆۋەندىكىلەر: ئەقىل، ئىنساپ، ئىلىم، بىلىم، ئالىيجا-
نابلىق، كۆركەم پېئىل، ئېھسان، سەۋر، شۈكۈر ۋە مۇلايىملىق.
«فەۋاكىھۇل جۇلەسا» دىن

بىر ھەكىمدىن: «سىلى كىشىلەرنىڭ ئەقلىنى قانداق قىلىپ بىلىۋالار؟» دەپ سوراشتى. ھەكىم ئۇلارغا: «ئەگەر مېنىڭدە مۇنداق ئىستەك تۇغۇلسا، ئاۋۋالام شۇ كىشى بىلەن سۆھبەت قۇرىمەن، بەزى نەرسىلەر توغرىسىدا بەسلىشىمەن. ئەگەر، سۆزلىرى راست ۋە خا-تاسى كەم بولسا، دېمەك ئۇ كىشىدە ئەقىل بار ئىكەن دەپ تەسەۋۋۇر قىلىمەن» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇنىڭدىن يەنە سوراشتى: «ئەگەر ئۇ كىشى بىلەن بىۋاسىتە سۆزلىشەلمىسىلە، يەنى ئۇ كىشى سىلىدىن يىراق بولسا، ئۇنداقتا قانداق قىلىپ ئېنىقلايدىلا؟» ھەكىم دېدى: «ئۇ چاغدا شۇ كىشى ئەۋەتكەن دوستى بىلەن پاراڭلىشىمەن، ئۇنىڭ دوستى ئارقىلىق ئەۋەتكەن گېپى ياكى خېتىدىكى پىكىرلىرىدىن شۇ كىشىنىڭ ئەقىل دائىرىسىنى تەكشۈرىمەن».


«فەۋاكىھۇل جۇلەسا» دىن

ئەقىللىق كىشى شانۇشەۋكەتتى ۋە مال ـ دۆلىتى كۆپ بول-سىمۇ، دۈشمەن بىلەن ئارتۇقچە ئاداۋەت يولىنى تۇتۇشتىن پەرھىز قىلىدۇ. بېيىت:

ھەددىدىن ئاشۇرما جەبرۇ جاپانى،
دۇشمىنىڭ بولسىمۇ زەئىپ، ناتاۋان.
مال - مۈلكۈڭ دۇشمەندىن ئارتۇق بولسىمۇ،
خارلىما ئارتۇق ئۇنى ھېچقاچان.

مۇئىنىددىن جۇۋەينى

ئەقىلسىز بولما ھېچ، ئەقىلسىز كىشى—
ئاياغسىز قۇرت كەبى يۇرۇش - تۇرۇشى.
تۇزۇما، يوق بولماق — بۇ نىپاقدىندۇر
غەلىبە دائىما ئىتتىپاقدىندۇر.

نىزامىي گەنجەۋى

ھەكىملەردىن بىرى ئېيتىدۇ:
—ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكى نەرسىنى ئەقلىمىز سېزىۋېلىش قۇۋۋىتىگە ئىگە. كۆڭۈلدىكى نەرسىنى ئەۋۋەلەم كىشىنىڭ تىلى، سوڭرە كۆزى بىلدۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن «كۆز — كۆڭۈل كۆرگۈ-سى»، دېيىلىدۇ.

«فەۋاكىھۇل جۇلەسا» دىن

ئاچچىقى يامانىنىڭ بېشىدا ئەقىل بولماس.

ئەقىللىق كىشى ئەدەپ قائىدىلەرنى تولۇق ئۆگىنىشكە ئىنتىلىدۇ، ئەقىلسىز كىشى بولسا ئەدەپكە ئەمەل قىلماسلىققا ئىنتىلىدۇ.

ئەقىللىققە بىر ئىشارەت كۇپايە.

«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

ئەزىزىم، ئۇلۇغلۇقنىڭ سەۋەبى ئەقىل ۋە ئەدەپتۇر. كىمكى ساپ ئەقىل ۋە كامىل پاراسەتكە ئىگە بولسا، پەسلىك دەرىجىسىدىن ئۇلۇغلۇق مەرتىۋىسىگە ئېرىشىشى مۇمكىن. بېيىت:

كىمدە ئۆتكۈر ئەقىل - پاراسەت بولسا،
غەلىبە تۇغىنى تىكەر ئاسمانغا!

ئەزىزىم، يىراقنى كۆرگۈچى ئەقىلنى ۋە ئالەمنى بېزەتكۈچى تەپەككۇرنى ھەرقانداق ئىشتا ئۆزۈڭ ئۈچۈن ئادىل ھاكىم ۋە كامىل سىناقچى قىلغايسەنكى، ئىنسانىيلىق شەرىپىنىڭ جەۋھىرى باشقا ھايۋانلاردىن ئەقلىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى بىلەن ئايرىلىپ تۇرۇر.

خوجا سەمەندەر تېرمىزي



بۇزۇرگمېھرىدىن سورىدى: «ئادەم ئۈچۈن ئەڭ باھالىق نەرسە نېمە؟» ئۇ ئېيتتى: «ئەقىل!» يەنە سورىدى: «ئۇ بولمىسىچۇ؟» دېدى:

«ئەدەپ ـ ئەخلاق!»، يەنە سورىدى: «ئۇمۇ بولمىسىچۇ؟» ئېيىتتى: «كۆركەم خۇلق»، يەنە سورىدى: «ئۇ ھەم بولمىسىچۇ؟»، ئېيىتتى: «بايلىق، چۈنكى بايلىق ئارقىلىق ياخشىلىق قىلىپ، تۇرلۇك تەبىقىلەر ئارىسىدا تىنچ ياشىغىلى بولىدۇ». يەنە سورىدى: «ئۇمۇ بولمىسىچۇ؟»، ئېيىتتى: «جىمىلىقنى ئادەت قىلماق، چۈنكى كىشى جىم تۇرۇش بىلەن ئەيىبلىرى ئاشكارىلانمايدۇ ۋە ئۆزگىلەرنىڭ تەنىسىنى ۋە مالامىتىنى ئىشىتمەيدۇ». سورىدى: «ئۇ ھەم بولمىسىچۇ؟»، جاۋاب بەردى: «چاقماق ـ يېشىن ياخشى، چۈنكى يۇقىرىدىكى شۇنچە كۆپ خىسلەتلەرنىڭ بىرەرىمۇ بولمىغان كىشىنىڭ چاقماق سوقۇپ ئۆلگىنى تۈزۈك!»

ئەبۇلبەرەكات قادىرى

ئالدىرىماي، ئەقىل ۋە تەدبىر بىلەن ئىش تۇتماق مەقسەتكە يېتىشنى تېزلەشتۈرىدۇ:

جام ئىچرە چۈمۈلە چۈشسە بىچارە،
خالاسكارغا كۈچ ئەمەس، كېرەكتۇر چارە.
ھەر كىمدە كۈچلۈك خاھىش ۋە تەدبىر باردۇر،
جەڭ ئىچرە غەلىبە ئۇنىڭغا ياردۇر.
تەدبىردىن ھەركىمگە كۆپ نىجات يېتەر،
باھاركى ھەر دەرەختىن ۋاقتىنچە كېتەر.

مۇھەممەد زىھنى

بېشىدا ئەقلى يوق ئادەمنىڭ ھايۋاندىن پەرقى يوق.

ئەقىللىق ئادەم شۇنداق ئادەمكى، بىرەر ئىش توغرىسىدا بىر كىمدىن نەسىھەت ئاڭلاش ئورنىغا، ئۇ ئۆز ئىشىغا ئىبرەت كۆزى بىلەن قاراپ يولىنى بىلىۋالايدۇ.

«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

ئەقىل ئەگەر كۆزگە كۆرۈنىدىغان جىسىم بولغىنىدا ئىدى، دۇنيانى قاراڭغۇلۇق باسماس ئىدى.

ئەقىللىق كىشىنىڭ ئالامىتى يالغان سۆزلىمەسلىكتۇر.

ئەقىل بىلەن ئەدەپ — جىسىم بىلەن جان. ئەقىل ئادەمنى ياشنىتىدۇ، نادانلىق بولسا قاقشىتىدۇ.

«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

ئەقىل ئەگەر كۆزگە كۆرۈنىدىغان جىسىم بولغىنىدا ئىدى، دۇنيانى قاراڭغۇلۇق باسما ئىدى.

ئەقىللىق كىشىنىڭ ئالامىتى يالغان سۆزلىمەسلىكتۇر.

ئەقىل بىلەن ئەدەپ — جىسىم بىلەن جان. ئەقىل ئادەمنى ياشنىتىدۇ، نادانلىق بولسا قاقشىتىدۇ.

—«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دانالارنىڭ ئېيتىشلىرىچە، ئەقىللىق كىشىلەر بەش ئىشنى يوشۇرۇشلىرى لازىمدۇر. بىرىنچى، مال ـ بايلىقىغا نۇقسان يەتسە، ئۇنى باشقىلار ئالدىدا سۆزلەپ يۈرمەسلىكى كېرەككى، ئۇنى ئېيتقان بىلەن بايلىقى قايتىپ كەلمەيدۇ، باشقىلار ئۇنى ئاچ كۆزلۈكتە ۋە پەمسىزلىكتە ئەيىبلەيدۇ، ھۆرمىتى بولسا تۆكۈلىدۇ. ئىككىنچى، ئەقىللىق سانالغان كىشىلەر ئۆزگىلەر ئالدىدا غەم ـ ئەندىشىلىرى توغرىسىدا نالىسا، ئۇنىڭ تۇتامسىزلىقى ۋە كۆلپەتلەرگە چىدىماسلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىزتىراپلىنىشىنى كۆرگەن كىشىلەر ئۇ ئادەمنىڭ تەدبىر ئەھلى ئەمەسلىكىنى بىلىۋالىدۇ. ئۈچىنچى، ئەقىللىق كىشىنىڭ ئۆزىدىن ياكى قوۋم ـ قېرىنداشلىرىدىن بىرەر ياخشى ياكى يامان ئىش سادىر بولسا، بۇنىڭ تۇپەيلىدىن ماختانسا ياكى يامانلىسا بۇمۇ ئەقىللىقلىقنىڭ سۈپىتى ئەمەس. بۇنداق چاغدا ئەقىللىق كىشىگە جىم تۇرۇش يارىشىدۇ. ئەقىللىق كىشى بىر كىمگە ياخشىلىق قىلسا ياكى ياردەم قولىنى سوزۇپ كۆلپەتتىن قۇتۇلدۇرسا، بۇ چاغدىمۇ جىم تۇرمىقى ۋە بۇ قىلغان ياخشىلىقىنى ھەممىگە ئېيتىپ يۈرمەي، پىنھان تۇتمىقى كېرەك. شېئىر:

بىراۋغا ياخشىلىق قىلسا ھەر ئىنسان،

ھەر يەردە ماختىنىپ يۈرسە زور نۇقسان!

ئەبۇلبەرەكات قادىرىي

ئەقىللىق ئادەم ئاۋۋال مەسلىھەتلىشىپ، كېيىن ئىشقا كىرىشىدۇ. ئەخمەق بولسا ئاۋۋال ئىشقا كىرىشىپ، كېيىن مەسلىھەتلىشىدۇ.

ئەقىللىق كىشى ئۆز پىكرىنىڭ مېۋىلىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

ئەقىللىق ئادەم ئۆز دەردىنى چۈشىنىدىغان ۋە بۇنىڭغا يولىيوروق كۆرسىتەلەيدىغان كىشىگە ئېيتىدۇ.

ئەقىللىق ئادەم ئاچ قالماس.

بېتىگە باقما، تېنىگە باقما، ئىچىدىكى جېنىغا باق.

«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

بىرەر كىشى سىنىڭ بىلەن بىللە ئولتۇرغاندا قىمىرلاپ، ئۇياق ـ بۇياققا قاراۋەرسە، بىلگىنكى، ئۇ ساڭا نېمىدۇر بىر نېمە دېمەكچى بولىدۇ. بەزى كىشىلەر بىراۋغا بىر نەرسە دېمەكچى بولسا ئاۋۋال لېۋىنى مىدىرلىتىدۇ. ئەگەر، بىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇزاق ئولتۇرۇپ قالساڭ، ئۇ كىشى ئورنىدىن تۇرسا ياكى كىيىمىنى تۈزۈپ قويسا، ئۇ ئادەم سېنىڭ ئۇزۇن ئولتۇرغىنىڭدىن زېرىككىنىنى

بىلدۈردۇ.

«فەۋاكىھۇل جۇلەسا» دىن

ئادەمنىڭ ئەقلى سۆزىدىن بىلىنەر.
ئەقىللىق، ئاڭلىق بولسا ھەر كىشى،
پەقەت كېرەكلىك سۆزنى سۆزلەشتۇر ئىشى.

«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

ئەقىللىق كىشى دۇنيانىڭ غەم - قايغۇسى ۋە بار - يوقىغا قايغۇرمايدۇ، ئارتۇقچە مال - بايلىق تېپىشقا ئىنتىلمەيدۇ. مال - بايلىققا پەقەت جاھىل كىشىلەرلا ئىنتىلىدۇ، تەكەببۇرلۇق بىلەن گىدىيىپ ئىززەت - ئابرۇي كەينىدىن قوغلىشىدۇ.

مۇھەممەد جەبەلرۇدىي

كىشى پاراسەت ياردىمىدە يان - ئەتراپقا، مۇھىتقا، ئادەملەرنىڭ قىلمىش - ئەتمىشىگە قاراپ ۋەزىيەتنى ئىنىقلىيالىشى، كىشىلەرنىڭ كەسپىي كارى ۋە پېئىلىنى بىلىۋالالىشى مۇمكىن.

بايان قىلىنىشلىرىچە، بىرەر قاچىغا ماي قويۇپ قويۇلغان بولسا، ئۇنىڭدا ماي بارلىقىنى ئۇنىڭ سىرتىغا قاراپ بىلىۋالغىلى بولىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك ئادەمنىڭمۇ يۈز - كۆزلىرى، تىلى ۋە

كۆرۈنۈشكە قاراپ، ئۇنىڭ كۆڭلىدە نېمە بارلىقىنى سېزىۋالغىلى بولىدۇ.

«فەۋاكىھۇل جۇلەسا» دىن

بىر ساندۇق ئالتۇندىن بىر زەررە ئەقىل ياخشى.

ئەقىللىق كىشى ئادەملەرنى مىسال ۋە دەلىللەر ئارقىلىق ئىشەندۈرىدۇ، ئەخمەق قەسەم بىلەن.

ئەقلى كۆپ بولسىمۇ، ئەدەبىي بولمىغان كىشى ئۇۋغا چىقىپ قورالى بولمىغان كىشىگە ئوخشايدۇ.

ئەقىل —بەختكە يېتىشنىڭ ۋاستىسى.

«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

نادان نادان بىلەن دوستلاشسا بۇنىڭ ئەسلا ئەجەبلەنگۈچىلىكى يوق، ئەمما ئەقىللىق كىشىنىڭ نادان بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشى تەئەججۈپلىنەرلىكتۇر. چۈنكى، ھەربىر نەرسە ئۆزىگە زىت بولغان نەرسىدىن قاچىدۇ، ئۇيغۇن بولغانلىرى بىلەن يېقىنلىشىدۇ.



مۇھەممەد زېھنىي

نادانغا نەسىھەت قىلساڭ بۇ قۇلىقىدىن كىرىپ، ئۇ قۇلىقىدىن چىقىپ كېتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

نادانىنىڭ پايدىسىغا سۆزلىسەڭ ئاچچىقى كېلىدۇ.

ئەقىللىق كىشىدە ئۈچ خىسلەت بولىدۇ: بىرى نەرسە سورىسا ئەدەپ بىلەن جاۋاب بېرىدۇ، بىراۋدىن يامانلىق كۆرسىمۇ ياخشىلىق قىلىدۇ، خەلقى ئۈچۈن پايدىلىق پىكىرلەش ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئەقىل ئادەمگە ھەمىشە ھەمدەم ۋە دوست، مال ـ دۇنيا بولسا تاشلاپ كەتكۈچى ۋاپاسىز مېھمان.

پۇلنى ئىشلەتسەڭ ئازىيىدۇ، ئەقىلنى ئىشلەتكەنسېرى تاكا- مۇللىشىپ، كۆپىيىدۇ.

ئەقىللىقلىق ئىككى نەرسىدىن: غەزەپ كەلگەندە ئۆزىنى بې- سىۋېلىشتىن ۋە بىراۋدىن كۈچلۈك بولغاندا ئۇنى كەچۈرۈشتىن ئىبارەت.

«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

نادانلىق كۆندۈرۈلمىگەن ھايۋانغا ئوخشايدۇ. كىمكى ئۇنىڭغا مىنسە خار قىلىدۇ ۋە كىمكى ئۇنىڭغا يېقىنلاشسا توغرا يولدىن ئازدۇرىدۇ.

نادان ئادەم بايلىقنى، ئەقىللىق ئادەم پەزىلەت كامالىنى ئىزلەيدۇ.

مۇھەممەد زېھنىي

كىمكى ھۈنەر قەدرىنى بىلمىسە كۆپ داد،

ئۇ قۇرۇق سۆرەتتۇر، دىۋە سۈپەت بۇنىيادا.
ئەلەپخور، مىسالى ئەمەستۇر ئىنسان،
زىرەكلىك كويىدا يۈرگىل سەن ھەر ئان.
ھەر كىم ئۇقۇماقتىن ئار قىلمىسا گەر،
تاشتىن لەئىل چىقىرۇر، سۇدىن دۇر ـ گۆھەر.
نېگە ئەقلى تېزلەر قىلىپ بىھوشلۇق،
نادانلىقتىن قىلدى ساپالپۇرۇشلۇق.
ئەمما تەلىم ئېلىپ نەچچىلەپ نادان،
ھاكىم بولدى يەتتە ئىقلىمغا چۇنان.
ئابىھايات سۈيىن ئىچكىنىڭ زامان،
ئۆزۈڭنى خىزىر دەپ ئەيلىگىن گۇمان.

نىزامىي گەنجەۋى

ئارىستوتېل ئېيتىدۇ: «نادان ئۆزىگە ئۆزى دۈشمەندۇر، شۇنداق ئىكەن، ئۇ ئۆزگىلەرگە قانداقمۇ دوست بولالىسۇن؟!»

«فەۋاكىھۇل جۇلەسا» دىن



نادانلىق — مەنىۋى قاشاقلىق. پەمى يوقنىڭ غېمى كۆپ بولىدۇ.

نادانىنىڭ دوستى، ھەسەتخورنىڭ راھىتى، يالغانچىنىڭ مۇ-

www.uyghurkitap.com

رۇۋۇۋتى بولمايدۇ.

«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

كورلۇق نادانلىقتىن ياخشىراقتۇر، چۈنكى كورلۇق ئۆز ئىگىسىنى ئورىغا غۇلاتسا، بىرەر ئەزاسىنى سۇندۇرىدۇ شۇ، نادانلىق بولسا ئۆز ساھىبىنى ھالاكەتكە مەھكۇم قىلىدۇ. بېيىت:

نادانىنىڭ كۆزى بار، كۆرمەيدۇ ئەمما،

كورلار بار كۆرمەيدۇ، لېكىن كۆپ دانا.

مۇئىنىددىن جۇۋەينىي

ئەڭ ئېغىر دەرد — نادانلىق. ئەڭ قاتتىق كېسەللىك— پەسكەشلىك.

كۆپ ئېغىر بالادۇر كىم بولسا نادان،

نادان ئۈچۈن يوقتۇر دارىيۇ دەرمان!

«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

سۆزنى ھەكىملەردىن ئىشىت، سۆھبەتنى دانالار بىلەن قىل، سوئالنى ئالىملاردىن سورا! ھەكىملەر سۆزىدە مەرىپەت جەم، دانالار سۆھبىتىدە بايلىق، ئالىملار جاۋابى سالامەتلىك يولىدۇر. بېيىت:

ئاقىل بىلەن بولساڭ ئەگەر ھەمسۆھبەت،

هەر ئىشتا مەقسىتىڭ بولغاي مۇيەسسەر.
ناداندىن قولۇڭنى يۇغىن تېزلىكتە،
ئەخلەتتە دۇردىن ھېچ بولمايدۇ ئەسەر!

مۇئىنىددىن جۇۋەينى

دىتىسىزغا سۆز چۈشەندۈرۈشتىن كۆرە يەلكىدە تاش توشۇغان ياخشى.

نادانلىق ھوقۇقتۇر، ھوقۇق بولسا دائىم خارابىنى ئىزلەيدۇ.

نادانىنىڭ ۋاقتى پايدىسىز ئۆتۇر.

ئېشەك ئاز يەپ رىيازەت چەككەن بىلەن ئەقىللىق بولۇپ قالمايدۇ.

«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

ئارىستوتېل ناھايىتى قېرىپ مۈكچىيىپ قالغان چېغىدا، ھاياتىنىڭ گۈلزارىدا خازان مەۋسۇمى باشلانغىنىدا ۋە ئۆلۈم ئەل-چىسى خەۋپ - تەھدىت سېلىپ تۇرغاندا، مۇسىقا ئىلمىنى ئۆگى-نىشكە باشلىدى. دوستلىرىدىن بىرى ئۇنىڭغا: «گۆر - كېپەن توغرىسىدا ئويلاش ۋاقتى كەلگەندە، تەمبۇر چېرتىشتىن ئۇيالما-سىز» دېدى. بېيىت:

ئوقۇش - ئۆگىنىش ياشلارنىڭ ئىشى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قېرىلارغا ساز شادلىقى ياراشماس!

ھەكىم ئۇنىڭغا دېدى: «بىلمەسلىك ئېغىر ئەيىبتۇر. ئەنە شۇنىڭدىن ئۇيىلىش كېرەك».

مۇئەننەددىن جۇۋەينى

ئېيتىشلىرىچە، بىر كىشى بار ئىدى، ئۇ كەمبەغەللىشىپ قېلىپ، بىر مەرتىۋىلىك كىشىنىڭ ئۆيىگە ئوغرىلىققا چۈشتى. بولماس. بېيىت:

بارچە ئىللەت ئۈچۈن داۋا مۇھەييا،
ئەخمەقلىق ئىللىتى ئەمما بىداۋا!

«فەۋاكىھۇل جۇلەسا» دىن

ھېكايەت جالىنۇس ھەكىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆيىدىن تۆۋەندىكىچە خەت يېزىلغان بىر پارچە قەغەز تېپىلدى: «ئەڭ ئەخمەق كىشى شۇنداق كىشىكى، تاپقان يېمەكلىكنى ئۇ-زۇلدۇرمەي ئاغزىغا سالىۋېرىدۇ. ۋەھالەنكى، تېبابەتتە ئوتتۇرا دەرىجىدە يېيىش سالامەتلىكنىڭ كاپالىتى، دېيىلۇر». بېيىت:

تەنپەرۋەرلىك بولسا دائىم خىيالىڭ،
ساڭا ھەرگىز كۆلۈپ باقمىغاي ئىقبال.

گەر گادايسەن ياكى شاھنىڭ لەشكىرى،
نەپسىڭ ئارزۇسىنى يوقاتقىل دەرھال.
دۇنيادىن ئۇمىدىڭ بار بولسا تېزدىن،
ھەۋەس قانىنى تۆكۈپ، ئەيلىگىل بىھال.
قانائەتنى بايلىق دەپ بىل ئۆزۈڭگە،
شۇندا بەختىڭ كۇلۇپ، تاپارسەن ئىقبال!

مۇئىنىددىن جۇۋەيني

ئۆزىگە ئۆزى مەپتۇن بولۇش ئەخمەقلىقتۇر.

ئەخمەق ئادەمدىن ئاچچىقلانغانلىق ئۆلۈك ئۈستىدە ناخشا ئېيتقانلىق بىلەن تەڭ.

ئەخمەق كىشى ئەمەلدىن تېز غۇلايدۇ.

«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن



ھەكىملەر ئادەملەرنىڭ ئەخمەقلىرىنى سىرتتىن كۆزىتىپ بىلىۋالىدۇ. ئەخمەق كىشى كۆڭلىگە نېمە كەلسە ئاقىۋىتىنى ئويلىماي دەۋېرىدۇ، تەجرىبىلىك ۋە ئەقىللىق ئادەملەرنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالمايدۇ، ئەقىلسىز ئادەملەر نېمە دېسە ئۇلارغا رازى بولىدۇ، ئۆزىگە تەمەننا قويىدۇ، كىم ئۇنى ماختىسا شۇ كىشىنى ياخشى

كۆرىدۇ، سورالغان سوئاللارغا ئويلىماي جاۋاب بېرىۋېرىدۇ، ھەرقان-
داق ئىشتا ئالدىراڭغۇلۇق قىلىدۇ، ئىلىمدىن خالىي، خاتالىنىپ كەت-
بولىدۇ، بىلىپ قالسا ياكى بىراۋغا ھاجىتى چۈشمەيدىغان بولۇپ
قالسا ھېچكىمنى مەنسىتمەيدۇ، مەغرۇرلىنىپ كېتىدۇ، باشقى-
لارنى سۆكىدۇ، بىراۋ سوئال سورىسا جاۋاب بەرگۈسى كەلمەيدۇ،
سوئالغا قوپاللىق بىلەن جاۋاب بېرىدۇ، ئۆزى سورىماق بولسا يې-
لىنىپ سورايدۇ، كۈلسە قەھ ـ قەھ ئۇرۇپ كۈلىدۇ، يىغلىسا ئۇ-
نىڭدىنمۇ ئاشۇرۇۋېتىدۇ.

«فەۋاكىھۇل جۇلەسا» دىن

زامان تەلپىنىڭ تەتۈرسىچە يۈرگەن ئادەم سۇ ئىچىدە ئوت
ئىزلىگەن كىشىگە ئوخشايدۇ.

ئەخمەق غەزەپلەنسە شەيتان ئۇنىڭغا ئاكىلىق قىلىدۇ.

«ئاتىلارنىڭ سۆزلىرى» دىن



شەيخ سەئدى ئېيتىدۇ:

بىر سوپىزادە يىگىت ئۆز تاغىلىرىدىن قالغان ھېسابسىز
مال ـ دۇنياغا ئىگە بولدى. مال ـ دۇنياسىنى بۇزۇقچىلىق، يامان
يوللارغا سەرپ قىلىشقا باشلىدى، ئىچىملىككە بېرىلدى ۋە تۈرلۈك

بولمىغۇر ئىشلاردىن يانمىدى. بىر كۈنى مەن ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ: «ھەي ئوغۇل، قولۇڭغا كىرگەن ئۇ پۇل ـ ماللار ئاققان سۇغا ئوخشايدۇ. ئەيش ـ ئىشرەت بولسا، ئايلىنىپ تۇرغان تۈگمەنگە ئوخشاش، كىرىمى كۆپ بولغان كىشىلا كۆپ چىقىم قىلالايدۇ» دېدىم.

قىتئە

كىرىمىڭ بولمىسا چىقىمنى ئاز قىل،
ئىسراپخور ئادەمنىڭ ھالى بولار ۋاي.
ئەگەر تاغلارغا يامغۇر ياغمىسا،
بىر يىلدا دەريامۇ بولۇر قۇرۇق ساي.

ئەقىل ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاقنى قەدىرلە، ھاۋايى ـ ھەۋەسنى تاشلا، بولمىسا مال ـ دۇنيالىرىڭ تۈگىگەندىن كېيىن كۆپ قىيىنچىلىق تارتىپ، پۇشايمان قىلىسەن. يىگىت ئەيش ـ ئىشرەت لەززىتىگە بېرىلىپ، نەسىھەتكە قۇلاق سالماي:

—ھازىرقى راھەتنى كەلگۈسىدىكى مۇشەققەت تەشۋىشى بىلەن بۇزۇش ئاقىللارنىڭ پىكرىگە خىلاپ. مەن سېخىيلىق ئورنىدا ئولتۇرغان، مەردلىك كەمىرىنى بېلىمگە باغلىغان يىگىتمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلما ئادرېسى

خەير - ئېھسانلىرىمنىڭ داڭقى خەلق ئاغزىدا مەشھۇر بولغان،— دېدى سۆزلىرىمگە قارشىلىق قىلىپ.

يىگىتنىڭ نەسىھەت قوبۇل قىلمايۋاتقىنىنى، ئىسسىق نەپسىم ئۇنىڭ سوغۇق تومۇرىغا تەسىر قىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ، نەسىھەت قىلىشتىن قايتتىم. ھېكمەت ئىگىلىرىنىڭ: «كىشىلەرگە ئۆزۈڭ كېرەك دەپ بىلگەنلىرىڭنى ئېيت، قوبۇل قىلسا ناھايىتى ياخشى، ئەگەر قوبۇل قىلمىسا ساڭا نېمە؟ نەسىھەتتىن ئېغىز ئاچما» دېگەن سۆزلىرىگە ئەمەل قىلدىم.

بىر نەچچە ۋاقىتتىن كېيىن، ئۇ يىگىت ھەققىدە ئويلىغانلىرىمنىڭ بولغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ يىگىت بىر يەردە ئولتۇرۇپ، يىرتىلغان كونا كىيىملىرىنىڭ ياماقلىرىغا يەنە ئۇستىلەپ ياماق سېلىپ تىكەتتى، تىلەمچىلىك قىلىپ باشقىلاردىن نان تىلەيتتى. ئۇنىڭ ھالىنى كۆرۈپ ناھايىتى قايغۇردۇم. شۇ ھالدا ئۇنىڭ كۆڭلىنى مالامەت تىرنىقى بىلەن تاتىلاپ، يارىسىغا سۇ سېپىشنى لايىق كۆرمىدىم ۋە ئۇندىمەي ئۆتۈپ كەتتىم.

باھار بولسا دەرەخ مېۋىسىن تۆككەي،
قىش بولسا چارىسىز، يالىڭاچ ئۆتكەي.



«ئاز - ئازدىن ئۆگىنىپ دانا بولۇر» دىن

شەيخ زىيائۇللا ئېيتىدۇ:

ھەركىم قۇرۇق گەپ ساتقۇچى ۋە باشقىلاردىن ئەيىب ـ نۇقـ
سان ئىزدىگۈچى بولسا، ھېچكىمگە ياقمايدۇ. ئەزىز ئۆمرىنى بىھۇدە زايە قىلىدۇ. ھەركىم خەلققە خەيرخاھ بولمىسا، ئەل ھۆرمىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ. ھەركىم دىل ئازار بولسا، خەلقنى رەنجىتسە، ھەمىشە غەم ـ قايغۇ، خەۋپ ـ خەتەر ئىچىدە ئۆمۈر كەچۈرىدۇ. ھەركىم قەھر ـ غەزەپ ئوتىنى سەۋر ـ چىدام ۋە مۇلايىملىق سۈيى بىلەن ئۆچۈرمىسە، كېيىن پۇشايمانغا قالىدۇ. ھەركىم ئىسراپچىلىقتىن ساقلانمىسا، تۇرمۇشتا ئوتتۇرىچە يول تۇتمىسا، موھتاجلىق ئوتىدا قورۇلىدۇ. ھەركىم تەمەخور، ئاچ كۆز بولسا، خاتىرجەملىك يۈزىنى كۆرمەيدۇ. ھەركىم گەپدانلىقتىن، يالغان سۆزلەشتىن تىلىنى يىغمىسا، ھېچكىم ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەيدۇ، خەلق ئارىسىدا بىـ ھۆرمەت بولىدۇ. ھەركىم قوپال، تىلى زەھەر بولسا، خەلقنىڭ نەپـ رىتىگە دۇچار بولىدۇ.



بەتپېئىللاردىن ئۆزۈڭنى پاك قىل،

ئەھلى ھېكمەت سۆزلىرىدىن ئىدراك قىل.

«ئاز ـ ئازدىن ئۆگىنىپ دانا بولۇر» دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھاياتىدىن بىر سائەت ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالىغان ئادەم ھاياتنىڭ قىممىتىنى بايقىيالمايدۇ.

دارۋىن

مەن بىلمەيدىغان نەرسىلىرىمنى ئىسراپ قىلىشتىن نومۇس قىلمايمەن.

سىسرو

تەنتەكلىكنىڭ ئەڭ يامىنى — ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىشتۇر.

«ئاز ـ ئازدىن ئۆگىنىپ دانا بولۇر» دىن

ئۆزىگە كېرەكسىز نەرسىلەرنى ئالغۇچى كېيىن كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

«ئاز ـ ئازدىن ئۆگىنىپ دانا بولۇر» دىن

ئىسراپخور ئەگەر مىڭ ئاقچىنى ئورۇنسىز يەرگە بەرسە، ھامان ئىسراپخور بولىدۇ.

قابۇس

ئورۇنسىز يەرگە ئاقچا بېرىش روزا تۇتقان ئادەمگە سۇ بەرگەنگە ئوخشاشتۇر.ئۆزىدە سېخىيلىق، ئىلىم، ساداقەت سۈپەتلىرىنىڭ خىسلەتلىرى تېپىلغان ئادەم جاۋانمەرت دەپ ئاتىلىدۇ.

قابۇس

سودىگەرچىلىكتە ئىسراپچىلىق — زاۋال تېپىشتۇر.

قابۇس

ھالال، توغرا يولدىن خەۋپسىز يول بىلەن مال ـ مۈلۈك، بايـ لىق يىغساڭ،ئۆزۈڭدە قالىدۇ.ئۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ساۋابلىق ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئىمكانىيەت تاپىسەن.ئەگەر ھارامدىن بايلىق ھاسىل قىلساڭ ئاقىۋەت بۇ مال ـ مۈلۈك، بايلىقلار قولدىن كېـ تىدۇ ۋە ئۇنىڭ ۋابالى (جازاسى) ساڭا قالىدۇ.ھالال يول بىلەن ھاـ سىل قىلغان مال ـ مۈلۈكنى ساقلاپ،توغرا يولدا سەرپ ئەتكىن، ئورۇنسىز سەرپ قىلما،ئىسراپ قىلىپ يوقىتىۋەتمە.ئەخمەقلەرنىڭ يولىغا ماڭما، چۈنكى مال ـ مۈلۈكنى ساقلاش — ئۇنى توپلاشتىن مۈشكۈل.

قابۇس

ئەگەر خىراجىتىڭنى ئىرادەڭدىن كۆپەيتىۋەتسەڭ، ھەرقانچە كۆپ خەزىنە بولسىمۇ يەتمەيدۇ.

قابۇس

مال ـ مۈلكۈڭ كۆپ بولغان تەقدىردە كەمبەغەلچىلىكنى ئۇنتۇما.

قابۇس

خىراجىتىنى ھېسابلاپ ئىشلەتكەن ئاز ئاقچىسى بار ئادەم خىراجىتىنى بىلمەي،ھېسابلىماي سەرپ قىلغان بايدىن ئارتۇق.. خىراجىتىنى بىلىپ، ھېسابلاپ قىلغان ئادەمنىڭ ھەرقاچان ئاز ـ دۇر ـ كۆپتۇر مۈلكى بولىدۇ.ھېسابلىماي خىراجەت قىلغان كىشى تېز موھتاجلىققا دۇچار بولىدۇ.

قابۇس



ئاز نەرسىنى ساقلىيالمىغان كىشى كۆپ نەرسىنى ساقلىيالمايدۇ.

قابۇس

ھۇرۇنلۇق، ئاجىزلىق ۋە ئىشقا خۇشياقماسلىق قاتتىق نو-مۇستۇر، ئۇ بەختسىزلىكنىڭ ئالامىتىدۇر.

قابۇس

جاپاسى كۆپ ئىشنىڭ پايدىسىمۇ كۆپ بولىدۇ.مۇشەققىتى ئاز بولغان ئىشنىڭ پايدىسىمۇ ئاز بولىدۇ. مۇشەققەت چېكىپ،غەيرەت قىلىپ بىر نەرسە ھاسىل قىلساڭ توغرا يولغا سەرپ قىل،مۇ-شەققەتلىرىڭ زايە بولمىسۇن،قەدىرلىك نەرسەڭنى قەدىرلىك ئادە-مىڭ سورىسا ئايىما ۋە قىزغانما، چۈنكى ھەرقانداق قەدىرلىك نەر-سەڭ بولسا،ئۆزۈڭ بىلەن بىر قەبرىگە بارمايدۇ.

قابۇس

ئىلىم تەلەپ قىلىش ۋاقىتلىرىڭدا ئىلىم ئەھلىدىن بولەك نادان ئادەملەر بىلەن ۋە بىھۇدە ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولما.بۇنداق ئۇسلۇبقا رىئايە قىلغان ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى ئەلۋەتتە ئازغىنا زاماندا ئالىملار جۈملىسىدىن بولىدۇ.



قابۇس

ئون خىسلەتنى ئۆزلەشتۈرۈش لازىم: بىرى، ئۆزۈڭدىن چوڭ

بۈيۈك ئادەملەر بىلەن ئويناشما؛ ئىككىنچى، خىزمەتكارلارغا زۇلۇم قىلما؛ ئۈچىنچى، ھەسەتخور، كۆزى كىچىك، كۆڭلى تار، چىدىماس ئادەم بىلەن سۆھبەتداش بولما؛ تۆتىنچى، بېخىل بىلەن سۆھبەتداش بولما؛ بەشىنچى، نادان ـ جاھىللار بىلەن مۇنازىرىلەشمە؛ ئالتىنچى، تۇراقسىز كىشى بىلەن دوست بولما؛ يەتتىنچى، يالغانچى بىلەن مۇئامىلە قىلما؛ سەككىزىنچى، ئۇرۇشقاق ـ جېدەلخورلار بىلەن ئۇلپەت بولما؛ توققۇزىنچى، ئاياللار سۆھبىتىدە كۆپ ئولتۇرما؛ ئونىنچى، سىرىڭنى كىشىگە ئېيتما. ئەيىب ئىزدىگۈچىدىن قاچقىن، ساڭا ھاجىتى چۈشكەن كىشىنى خار كۆرمە.

قابۇس

كىمكى ئۆزى نادان(ئىلىمسىز، ھۈنەرسىز)بولسا ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇ، نادان ئادەمنىڭ سۆھبىتىدىن يىراق بولۇش كېرەك. چۈنكى، بىلىمسىز ئادەمدىن ساڭا نۇقسان يەتمىسۇن. ئالىم ۋە ھۈنەرۋەن ئادەمنىڭ سۆھبىتىنى غەنىيمەت بىلىش كېرەك.

قابۇس

كىشى بىلەن قاتتىق ۋارقىراپ سۆزلەشمە. سۆزلىگەندە ئاڭ-



www.uyghurkitap.com

لىغۇدەك سۆزلىسەڭ كۇپايە قىلىدۇ، تەمكىنلىك بىلەن سۆزلەش. ئەگەر بىر كىشى ساڭا قاتتىق سۆزلىسە، سەن ئۇنىڭغا مۇلايىملىق بىلەن جاۋاب قايتۇر. ئەخمەق (نادان) لار ساڭا قوپاللىق قىلسا، سەن ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمە.

قابۇس

ئىلىم ـ مەرىپەتتى يوق كىشىنى ئادەم ئورنىدا قويما ۋە ئادەم قاتارىدا ھېسابلىما. مۇنداق ئادەم بىلەن ھەمسۆھبەت بولما، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ نادانلىقىنى ئىلىم ئورنىغا قويىدىغان ئادەملەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولماسلىق لازىم.

قابۇس

ئالىملار ۋە نادانلار بىر ـ بىرىگە قارشىدۇر. چۈنكى، ئالىمغا خاس بولغان ئىشنى نادانلار ياخشى كۆرمەيدۇ. نادانلارنىڭ ئىشىنىمۇ ئالىملار ياخشى كۆرمەيدۇ. نادانلار ئالىمغا دۈشمەن. چۈنكى، نادان كىشى ئالىم بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئىلىمنىڭ ئەسلىنى بىلمەيدۇ.

قابۇس

نادانىنىڭ سېنى ماختىشى ئالىمنىڭ نەپرەتلىنىشىنى كەلـ

تۈرىدۇ.

قابۇس

ئەگەر نادانلىقتىن خالاس بولاي دېسەڭ، قانچىلىك ھۈنەر - ئىلىم، پەزىلىتىڭ بولسا، ھامان بىلمەيمەن دېگىن، چۈنكى ھۈنەر - پەزىلەت ئىگىلىرىگە بىلمەيمەن دېگەندىن ئۇلۇغ پەزىلەت يوق.

قابۇس

بالايىئاپەت نادانلىقتىن كېلىدۇ.

قابۇس



كۆپ كىشىلەر سۆز سەۋەبىدىن كېسەل بولىدۇ. ئاز سۆزلەش —ئەقىللىقلىقنىڭ ئالامىتى. كۆپ سۆزلەش — نادانلىقنىڭ (بىلىمسىزلىكنىڭ) ئالامىتى.

قابۇس

ئۆمرىنى ئىلىم - مەرىپەت يولىدا، ئۇلۇغ ئالىملار سۆھبىتىدە

ئۆتكۈزگەن ئالىم مەرىپەتلىك قىرىلاردۇر. نادان، ئۆمرىنى نادانلىقتا ئۆتكۈزگەن قىرىلار بۇنىڭ دائىرىسىگە كىرمەيدۇ.

قابۇس

ئەگەر مەرىپەتلىك، ئالىم يىگىت بولسا، نادان قىرىدىن ئۇلۇغ ۋە ئارتۇقتۇر.

قابۇس

شاراب ئىچىش، چاقچاقلىشىش ۋە ئىشقۋازلىق قىلىش— نادانلارنىڭ ئىشىدۇر، ھەربىر ئىشنى ئۆلچەم بىلەن قىلىش لازىم. ئەگەر ئاقىۋىتىنى ھېسابقا ئېلىپ قىلمىسا، ئادەم تېز رەسۋا بولىدۇ.

قابۇس

ئەخمەق، نادان، ھاياسىز مېھمانغا ھۆرمەت قىلىشقا بولمايدۇ. ھەرقانداق نائەھلى نادانىنى ھۆرمەتلىسەڭ ئۆيۈڭگە كىرىپ نازۇ— نېمەتلىرىڭنى يەپ بولۇپ ئۆيۈڭدىن چىققاندا غەيۋىتىڭنى قىلىدۇ. گۆشۈڭنى يەپ ئۇستۇڭدىن شىكايەت قىلىدۇ. مۇنداق ئادەملەرنى

مېھمان قىلىشقا، ھۆرمەتلەشكە بولمايدۇ.

قابۇس

ئەگەر مېھماندارلىققا بارساڭ، بەك ئاچ قورساق بارما، بەكمۇ توق بارما. چۈنكى، مېھمان بولۇپ بېرىپ بىرنەرسە يېمىسەڭ، ئۆي ئىگىسىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولىدۇ. ئەگەر بەك ئاچ بېرىپ كۆپ يېسەڭ، ئۆزۈڭنى ئەيىبلەشكە سەۋەب بولىدۇ، ئوتتۇرا ھال بارغىنىڭ ياخشى.

قابۇس

**مەجمۇئە ئىسمى :** ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى
**كىتاب ئىسمى :** ئىسراپخورلۇق ھەققىدە ھېكمەتلەر
**پىلانلىغۇچى :** مۇرات ئىلى
**باش تۈزگۈچى :** ئادىل مۇھەممەت
**تۈزگۈچىلەر :** ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئايشەمگۈل ئايۇپ
جۇرئەت نىياز
بىلقىز مۇھەممەت
**تەكلىپلىك مۇھەررىر :** ئامىنە كىچىك
**مەسئۇل مۇھەررىر :** ئەنۋەر قۇتلۇق
**مەسئۇل كوررېكتورى :** قەييۇم تۇرسۇن
**نەشرىيات :** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
**ئادرېسى :** (830000 ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ قورۇ )
**تارقاتقۇچى :** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
**زاۋۇت :** شىنجاڭ شىنبوۋېن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**فورماتى :** 880×1230 مم 32/1
**باسما تاۋىقى :** 3 باسما تاۋاق
**خەت سانى :** 51 مىڭ خەت
**نەشرى :** 2008 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى :** 2008 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى :** ISBN 978—7—80744—289—9
**باھاسى :** 9.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ )